

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: **مۇختار مەخسۇت** (ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى)

تەھرىرات باشلىقى ،
دائىمىي مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: **بەگمەت يۇسۇپ** (ئالىي مۇھەررىر)

# شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق

# 2016.5

(ئومۇمىي 341 ـ سان)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇرىدۇ
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى چىقىرىدۇ
ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

«پارىخورلۇققا، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، مەدەنىيلىك
ئارقىلىق خەلققە بەخت يارىتايلى!

## بۇ ساندا


### زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ دىيالوگى

ئۇلۇغار مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنە .................... ئابدۇسالام ئۇلۇغ ئالىپ (3)

مىللىي مەدەنىيەت ۋە زامانىۋى مەدەنىيەت .............. ئادىل مۇھەممەت (6)

### گۈلىستاندىن گۈلدەستە

رەڭ ............................ (پوۋېست) ...... ئاتىكەم سىدىق ئايقۇت (12)

### مەدەنىيەت مەسىلىچىلىرى

شىنجاڭ مەدەنىيىتىدىكى غازى ئەھمەد .................. غەيرەت ئاسىم (37)

نەۋايى ۋە ئاباي .................. قالبەك سەيدانوۋ (قازاقىستان) (45)

### تەرجىمە كۆزنىكى

«تىلماچىلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ................................
... ئەھەت داۋۇت، ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت، ئىمىنجان تۇرسۇن قاتارلىقلار (48)

### سەنئەت تەتقىقاتى

كەشتىچىلىك سەنئىتى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ...... ئايجامال گاسىل (71)

### تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى .............................. ئابلەت روزى (76)


مۇقاۋىدا: تەگرىتاغدىكى تۇنجى قار لىرىكىسى — ئابلىكىم ئەمەت فوتوسى


# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(65-يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال



تەھرىر ھەيئەتلەر


(ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇقادىر جالالىددىن
ئارسلان ئابدۇللا
ئازات سۇلتان
ئادىل تۇران
بەگمەت يۈسۈپ
جالى خوگچاۋ
دىلشات پەرھات
قۇربان مامۇت
ئىمىن ئەخمىدى

بۇ سانىنىڭ تەكلىپلىك
مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە
تېخنىك رېداكتورى:
ئايگۈل ئەمەت
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

ژۇرنىلىمىزنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى:
ئابدۇرېشىت مىجىت ئاقيار
(ئادۋوكات)

ئابدۇسالام ئۇلۇغ ئالىپ



# ئىلغار مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنە

نۆۋەتتىكى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلمىي مەزمۇنى، مەنىۋى ماھىيىتى ۋە تۈپ ئالاھىدىلىكلىرى ـــ ئىلغار مەدەنىيەت ئۈستقۇرۇلما سۈپىتىدە، سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ سىياسىي تۈزۈمى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇش بىلەن پەرقلىنىدۇ، ئىلغار مەدەنىيەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن ماسلاشقان، قانۇن - نىزاملار بىلەن ئۇيغۇنلاشقان، جۇڭخۇا مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرغان بولىدۇ. ئىلغار مەدەنىيەت يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ماس قەدەمدە تەڭ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىدىكى تەرەققىيات - ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى ئوبيېكتىپ ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ مۇستەھكەم مىللىي خاسلىققا ۋە تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ئەنئەنىۋى نەتىجىلىرىنى ھەر تەرەپلىمە قوبۇل قىلىپ، مەدەنىيەتنىڭ قالاق ئەندىزىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، كونىلىقنى دادىللىق بىلەن چەكلەيدۇ ھەم شاكىلىنى چۆرۈپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇ ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش نىشانى بولۇپ، بۇ يېڭىلىق يارىتىش، زامانغا لايىقلىشىش ئارقىلىق ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىغا خاس يېڭىلىق يارىتىش بولسا مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىدا يېڭىلىق يارىتىش، مەدەنىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك خاسلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىش - چۈشىنىش ناھايىتى مۇھىم ئامىل. ئۇ كەڭ خەلق ئاممىسىغا يۈزلىنىش، بازارغا يۈزلىنىش، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يۈزلىنىشى بولۇپ، باشقۇرۇش مېخانىزمى ۋە باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە مەركىزىي ھالقىسى سوتسىيالىستىك ئىدىيە - ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاممىنىڭ رېئال ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇش ھەم خەلقنىڭ جىسمانىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى نەزەردە تۇتۇش ۋە شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ياشاش، مەدەنىيەتكە يۈزلىنىش ۋە راۋاجلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە دېيەلىۋاتقان ئىلغار مەدەنىيەت زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كەلـ

زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ دىيالوگى

گۈسگە يۈزلەنگەن مىللىي، ئەنئەنىۋى، ئىلمىي، ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتتۇر. زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىش — مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلغانلىق، ئۇ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تونۇشنى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلەش قانۇنىيىتى بويىچە چۈشىنىش، مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش مۇساپىسى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا رايونىمىز ئۆزگىچە كۆپ مەنبەلىك جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق گەۋدىسى مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئىگە «56 قېرىنداش بىر ئائىلە كىشىلىرى»دۇر. ھەرقايسى مىللەت ئورتاق ياراتقان، ھەر قايسى مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىدۇر.

ئەنئەنىنىڭ مىللىي خاسلىقى — ئوي-پىكىر، ئەدەپ-ئەخلاق يوسۇنلىرى، ئۆرپ-ئادەت، سەنئەت پائالىيەتلىرى، تۇرمۇش يوسۇنلىرى، ئادىمىيلىك مىزانلىرىدىن مۇجەسسەملەنگەن مىللىي مەنىۋىيەت، پسىخىكىلىق ھالەت، ئەنئەنىۋى مەدەنىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتتۇر. ئەنئەنە راۋاجلىنىدۇ ۋە يۈكسىلىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىدا ئالاقە ئالدىنقى شەرت. زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقلەرنى ساقلاپ قالىدىغان مەدەنىيەت ئورتاق گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرۈشتۇر. ئىلغار مەدەنىيەت سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا زامانغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، تەڭ ئىلگىرىلەيدۇ. ئېلىمىز نەچچە 1000 يىللىق مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىدىن شەكىللەنگەن ئورتاق گەۋدە ۋە مەدەنىي ماكانىنىڭ تەلپىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن «تۆتنى تونۇش»، يەنى «ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى تونۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى تونۇش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى تونۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى تونۇش»نى ئوتتۇرىغا قويىدى، بۇ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى بەرپا قىلىشتىكى يادرولۇق قىممەت قارىشىدۇر.

ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ يېتەكلىق يارىتىشتىكى مەزمۇن ۋە ئۇسۇللىرى بولسا مەدەنىيەتنىڭ مىللىيلىق ۋە ئىلمىيلىك خۇسۇسىيىتى مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەدەنىيەتتە يېتەكلىق يارىتىلمىسا، زامانغا يۈزلەنمىسە، خىرىس ئالدىدا ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ، مەدەنىيەتتە يېتەكلىق يارىتىش مەدەنىيەتنىڭ جېنى، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ روھى ۋە خاسلىقىدۇر، ئىلغار مەدەنىيەتنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈپ زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئاكتىپلىق بىلەن يېتەكلىق يارىتىشتا روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا مەدەنىيەتنىڭ مىللىيلىقى، ئىلمىيلىقى، ئاممىۋىلىقى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى مۇجەسسەملىگەن ئورتاق قىممەت قارىشىنى شەكىللەندۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئورتاق ماددىي، مەنىۋى ماكانىنى شەكىللەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مىللىيلىقى — ئىلغار مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، مىللىي مەدەنىيەت روھىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇرغۇتۇشنىڭ مۇقەررەر تاللىشىدۇر.

ئىلمىيلىقى — سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ يېتەكلىق يارىتىش جەھەتتە ئىلغار بولۇشىغا تېگىشلىك شەرت.

ئاممىۋىلىقى — سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر ھالقىسىدۇر.

دېمەك، ئىلغار مەدەنىيەت بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەندە، مەدەنىيەتنىڭ ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇپ، زامانىۋى مەدەنىيەت ئەندىزىسى تەكتلىنىۋاتقان، پۇقرالارنىڭ ئەخلاق قۇرۇلۇشى تەكتلىنىۋاتقان، ئېسىل ئەدەپ-ئەخلاق مىزانلىرىغا رىئايە قىلىش تەكتلىنىۋاتقان، مۇشۇنداق چوڭ ياخشى ۋەزيەتتە ئىلغار مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە چوقۇم ۋارىسلىق قىلىش دەۋرنىڭ تەقەززاسى.

نۆۋەتتە «زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش» چاقىرىقى پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق سادىسى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەممىي تىلىكى. جۇڭخۇا مىللىتى خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتۈپ، بۈيۈك جۇڭگو ئارزۇسىنى بىر نىيەتتە ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش — پۈتكۈل جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ھەم مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق نىشانى. بۇ ئارزۇ ۋە نىشانغا يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بارچە مىللەت بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك قەلبداش بولۇپ، قول تۇتۇشۇشتەك ياخشى ئەنئەنىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتى-

پاقلىقى پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت مەركىزىي خىزمەتنى زىچ چۆرىدەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش مۇساپىسىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئومۇمىيۈزلۈك، ئىلغار مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يۈكسەك ئارزۇ ۋە نىشانغا يېتىش مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىق كۈچىدىن ئايرىلالمايدۇ. «ئېلىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك، دېموكراتىك سوتسىيالىستىك دۆلەت. مىللەتلەرنىڭ كۆپ مەنبەلىك، بىر گەۋدىلىكلىكى بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك بايلىق ھەم دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم ئەۋزەللىكى، نۆۋەتتىكى «ئىلغار مەدەنىيەتكە يۈزلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش»تىن ئىبارەت ناھايىتى دەبدەبىلىك بىر شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلدى، ھەرقانداق تاراتقۇلاردىن پات-پاتلا «زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش» توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز، ئېنىقكى «ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش» چاقىرىقى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، بۇ خىل «تەشەببۇس»نىڭ تۈرتكىسىدە «بىر گەۋدە كۆپ مەنبەلىك بولۇش»تەك مەدەنىيەت ئەندىزىسى شەكىللىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەتنى كەڭ ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتكە يۈرۈش قىلىشقا پۇختا ئاساس سېلىنىدۇ. نۆۋەتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، بەزى مەمۇرىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق قىسمەن مەدەنىيەت كەيپىياتى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۈنۈمنى ھاسىل قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، بىراق، بۇ خىل «مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش» ئارقىلىق ئىلغار مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئەسلىي مەنىسى زامانىۋى مەدەنىيەتنى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ يېتەكچىسى قىلىش — مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلغانلىق. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا سىر خىل سانائەت بۇيۇملىرى ۋە تاۋارلارنى تىرىشىش ئارقىلىق ياساپ چىققىلى بولىدۇ، ئەمما مەدەنىيەتنى سۈنئىي رەۋىشتە ياراتقىلى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە مەجبۇرىي سىڭدۈرگىلى بولمايدۇ.

مەدەنىيەت — ۋاقىت ۋە روھتىن، يەنى ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئورتاق روھىنىڭ مۇجەسسەملىشىشىدىن ئاپىرىدە بولغان تەبىئىي جۇغلانما. بىر يىل كۈرەش قىلىپ، بەش يۇلتۇز دەرىجىلىك مېھمانسارايدىن، ھەتتا ھەشەمەتلىك داچا، قورۇ-جاي، تىياتىرخانىلاردىن نەچچىنى روياپقا چىقىرىش مۇمكىن، ئەمما بىر خىل ئىلغار مەدەنىيەتنى زامانغا لايىق رەۋىشتە روياپقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس، بۇ خۇددى بىر ئادەمنى بېيىتىش ئاسان بولۇپ، ئۇنى ھەر جەھەتتىن مەدەنىيەتلىك قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىش قىيىن بولغىنىغا ئوخشاشلا ئىش. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ماددىي نەرسىلەرنى ياساش مۇمكىن بولسىمۇ، مەنىۋى نەرسىلەرنى «مەدەنىي ياساش» مۇمكىن ئەمەس، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى سەنئەت شەكلىدە يۈرۈشتۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىلغار مەدەنىيەتنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ «مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش» شوئارىنىڭ بۇنچىۋالا ياڭرىشىدا ناھايىتى روشەن ئىقتىسادىي مەقسەت بار، ئۇ بولسىمۇ ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاممىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، مەدەنىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقىنى نامايان قىلىش ئارقىلىق، مەدەنىيەتنىڭ ساياھەتچىلىكتىكى ئىقتىسادىي قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مەدەنىيەتنى ئەجدادلار كېيىنكىلەرگە ئىختىيارسىز ھالدا قالدۇرۇپ «ئىقتىسادنىڭ مەڭگۈلۈك ئېشىش نۇقتىسى»نى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت.

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقان «مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش» ئەسلىدىن بار بولغان مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى رەتلەپ چىقىش، تاۋارغا خاس پەردازلاش، بازارغا خاس پەردازلاش، بازارغا خاس ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت.

دېمەك، ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە مەركىزىي ھالقىسى سوتسىيالىستىك ئىدىيە-ئەخلاق قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش، ئاممىنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىنى كۈچەيتىش، مەنىۋى ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئاممىنىڭ ھەر تەرەپلىمە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىدۇر.

---

ئاپتور: ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن



# مىللىي مەدەنىيەت ۋە زامانىۋى مەدەنىيەت

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**4. مىللىي مەدەنىيەتكە توغرا قاراش ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىش**

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ، كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن، ئىناق، ئېچىۋېتىلگەن، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مىللەت روھى، ئىلمىي روھ ۋە قانۇنچىلىق روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، كونا قائىدە - يوسۇن ۋە ناچار ئادەتلەرنى ئاڭلىق تاشلاپ، زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە زامانىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىنتىلىپ، ئاڭلىق، كەمتەر روھىي ھالەتتە ئىلغار مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىلىم - پەننى قەدىرلەپ، ھەقىقەتنى سۆيۈپ، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، نادانلىققا خاتىمە بېرىشتەك ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىلمەكتە.

ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيان جەمئىيەتتە قىز - ئاياللار ئارىسىدا چۈمبەل تارتىش، جىلباب كىيىش، ئەرلەر ئارىسىدا ياش تۇرۇپ ساقال قويۇۋېلىشتەك دەۋر تەرەققىياتى، جەمئىيەت ئىلگىرىلىشىگە زىت تەتۈر ئېقىم پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنداق مەسىلىلەرگە توغرا قاراش ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىش زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، ئوبيېكتىپ تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئاقىلانە مۇئامىلە قىلىش لازىم.

1) چۈمبەل، جىلباب مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكى ئەمەس.

ھازىر يامان غەرەزدىكى بىر قىسىم كىشىلەر: «چۈمبەل، جىلباب مىللىيلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكى، شۇنداقلا دىنىي كىيىم، قىز - ئاياللار سىرتقا چۈمبەل تارتىپ، جىلباب كىيىپ چىقىشى كېرەك» دەپ تەرغىب قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى ۋە قايمۇقتۇرۇشى ئارقىسىدا نۇرغۇن قىز - ئاياللار چۈمبەل تارتىپ، جىلباب كىيىدىغان، ھەتتا كىچىك قىزلارمۇ شۇنداق ياسىنىدىغان بولۇپ قالدى. تېخىمۇ بەتتەررەكى، بەزىلەر چۈمبەل تارتمىغان، جىلباب كىيمىگەنلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان، كەمسىتىدىغان، ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئەيىبلەيدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ، جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى.

چۈمبەل، جىلباب شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچىكى ئەمەس. تارىخقا نەزەر سالساق، چۈمبەل، جىلباب ئەرەبلەرگە تەۋە ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك بولۇپ، بىزدىكى «جىلبابلىنىش» تامامەن دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ تاشقى ئىپادىسى.

مىللىي كىيىم - كېچەك ھەر بىر مىللەت ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى داۋامىدا تەبىئىي جۇغراپىيەلىك مۇھىتقا، ھاۋا كىلىماتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ماسلىشىش مەقسىتىدە بارلىققا كەلگەن، شۇ مىللەتنىڭ كۆپچىلىكى قوبۇل قىلغان كىيىم - كېچەكنى كۆرسىتىدۇ. مىللىي ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكتىن شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، شۇنداقلا شۇ مىللەتنىڭ ئېستېتىك قىزىقىشى ئىپادىلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەتنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەرنىڭ كىيىم - كېچىكىنىڭ تۈرى، پاسونى كۆپىيىشكە يۈزلەندى. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنىڭ تۈرى كۆپ، رەڭدار، مىللىي ئالاھىدىلىكى روشەن. ئەرلەر كىيىملىرىدىن تون، چەكمەن چاپان، نىمچە، يەكتەك، كۆينەك، بەلباغ - پوتا قاتارلىقلار، ئاياللار كىيىملىرىدىن تون، پېرىجە كەمزۇل، جىلتكە، كۆڭلەك، تامبال قاتارلىقلار بار.

چۈمبەل، جىلباب ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان ئەرەبلەرنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچىكى، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمى قۇملۇق بولۇپ، بوستانلىق شۇ جاينىڭ يەر كۆلىمىنىڭ ئاران 10% ئەتراپىنى ئىگىلەيدىغان، قۇرغاق، يامغۇر كەمدىن - كەم ياغىدىغان، قاتتىق ئىسسىق بولىدىغان جاي. ئەرەبلەر ئۆز جاينىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەلىك كىلىمات شارائىتىغا ماسلىشىش، بوران ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن بارا - بارا ئەرلەر بېشىغا ياغلىق ئوراپ، ئۇزۇن كۆينەك كىيىدىغان، ئاياللار يۈزىنى چۈمكەپ، جىلبابلىنىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن.

ئىسلام دىنى تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئىچكى قىسمىدا بىر قىسىم ئەسەبىي مەزھەپ (ئېقىم)لار پەيدا بولغان. ئەسەبىي مەزھەپ تەرەپدارلىرى ئاممىنى ئۆزلىرىگە تارتىش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس» تىكى مەزمۇنلارنى خاتا ئىزاھلاپ، بۇرمىلاپ، ئاياللار ئېرىدىن باشقا ئەرگە ئوچۇق كۆرۈنسە بولمايدۇ، دەپ ئاياللاردىن چۈمبەل تارتىپ، جىلباب كىيىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنداق قىلمايدىكەن، «شەرىئەت» بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دەپ جار سېلىۋاتىدۇ. ئالايلۇق: ئەسەبىي ئىسلام دىنى مەزھىپى بولغان تالىبانلار شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. ئافغانىستان تالىبانلىرىنىڭ قولىدىكى چاغدا ھازىرقى جەمئىيەتتە ئومۇملاشقان تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كومپيۇتېر، ئۈنئالغۇ قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ھارام دەپ قاراپ، ئىشلىتىشنى چەكلىگەن، يەنە ئاياللار يۈزىنى ئېچىپ يۈرسە، مەكتەپتە ئوقۇسا بولمايدۇ، ئۆيدە بالا باقسا، ئېرىنى كۈتسە، ئۆي ئىشلىرىنى قىلسىلا بولىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلىمە چىقارغان. ئۇ چاغدا ئاياللار چۈمبەل تارتماي، جىلباب كىيمەي تالاغا چىقىپ قالسا، يېنىك بولغاندا دەررىگە بېسىلغان، ئېغىر بولغاندا تۈرمىگە تاشلانغان.

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى خېلى كۆپ مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى، ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچىكىنى ساقلاپ قالغان.

چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر، بولۇپمۇ «ئۈچ خىل كۈچ»لەر جۇڭگونى پارچىلاشتىن ئىبارەت سىياسىي غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىللەت، دىنىنى نىقاب قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى كۈچەپ تەرغىب قىلىپ، «مۇسۇلمان ئايال جىلباب كىيىشى كېرەك، ئۇنداق قىلمىسا، مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ»، «ئاياللار قارا چۈمبەل تارتىشى، جىلباب كىيىشى كېرەك» دېگەن سەپسەتىلەرنى تارقىتىپ، ئاتالمىش دىنىي مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتنى كۈچەيتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ رەزىل مەقسىتى دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى تەرغىب قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىكنى قوزغاپ، مىللەتلەر ئارا نىزا پەيدا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىش. بىز بۇنىڭدىن قاتتىق ھوشيار بولۇپ، ئۇنىڭ تارقىلىشى، يامرىشىدىن قەتئىي ساقلانمىساق بولمايدۇ.

2) ناخشا - ئۇسسۇل مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يارقىن ئىپادىسى.

شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر.

ناخشا - ئۇسسۇل ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار ھېيت - بايراملاردا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما، ھازىر يامان نىيەتلىك بىر قىسىم كىشىلەر «قىز - ئوغۇل، ئەر - ئايال بىر يەردە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىسا نامەھرەم بولىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن» دەپ داۋراڭ سېلىۋاتىدۇ. دىنى دەستەك قىلغان بۇ سەپسەتە، نەيرەڭلەر بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا يامان تەسىر قوزغاپ، قىسمەن جايلاردا كىشىلەرنىڭ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىنى چەكلەپ، توي - تۆكۈن، ھېيت - بايراملاردا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشقا يول قويماي، كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك، ئەڭ شادىيانە توينى نەزىر - چىراغقا ئوخشاش ئۆتكۈزىدىغان ئىشلار يۈز بەرمەكتە.

بۈگۈنكى دۇنياغا نەزەر سالساق، ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇلى بار. ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئەرەب ئەللىرىدىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇللىرى ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. مىسىر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسسۇلى — قورساقنى تىترىتىش ئۇسسۇلى ھازىرمۇ مىسىر خەلقى ئارىسىدا قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر. دۇبەيدىكى «قادىر ئالەم شەھەرچىسى»دە ھەر كۈنى شۇ جاينىڭ ياكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمەكلىرى ئويۇن كۆرسىتىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىران، ئىراق، تۈركىيە، سۈرىيە قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇللىرى ھەمىشە ئورۇنلىنىپ تۇرىدۇ، شۇڭا، «ئىسلام دىنىدا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناش چەكلىنىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق.

ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، نۇرغۇن مىللەت ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇق، دەپ ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇلىدىن ۋاز كەچكىنى يوق. ئەكسىچە، ناخشا - ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن ھەر مىللەت خەلقى ئۆزىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش داۋامىدا ئۆزىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلىنى بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يۇلتۇز كەبى شىنجاڭ زېمىنىدا چاقناتتى. يەكەن خانلىقى مەزگىلىدە خانىش ئامانىساخان نۇرغۇن جاپالارنى چېكىپ، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئەنئەنىۋى ناخشا - ئۇسسۇللارنى يىغىپ، رەتلەپ، مۇزىكا، ئورۇنلاش سەنئىتى، ناخشا - ئۇسسۇل بىر گەۋدىلەشكەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى ۋۇجۇدقا چىقاردى. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقى، قوللىشى ئارقىسىدا «ئون ئىككى مۇقام»نى قوغداش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، جۇڭگونىڭ «دۇنيا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش تۈرى»گە كىرگۈزۈلۈپ دۇنياغا تونۇلدى.

ناخشا - ئۇسسۇلغا ھېرىسمەنلىك كىشىلەرنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەرىپلەيدىغان سۆزگە ئايلاندى. ناخشا - ئۇسسۇل شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان قىسمىغا ئايلاندى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىشىلەرنىڭ ناخشا ئېيتىشى، ئۇسسۇل ئوينىشىنى قارىلاش، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشنى چەكلەش توغرىسىدا داۋراڭ سېلىش ئىسلام دىنى ئەسەبىيلىكىنىڭ ئىپادىسى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى دىنىي ئەسەبىيلىك ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۆلگۈنچىلىك، زوراۋانلىق، تېررورلۇق قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلىرى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، شۇڭا بىز «ئۈچ خىل كۈچ» لەرنىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئېنىق تونۇمساق بولمايدۇ.

3) مىللىي ئۆرپ - ئادەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش

تارىختا نەزەر سالساق، شىنجاڭدا خېلى كۆپ مىللەت دىنغا ئېتىقاد قىلدى. دىن بىلەن مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئارىسىدا قويۇق مۇناسىۋەت بار. ئىسلام دىنى 10 - ئەسىردە شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن. مۇشۇنى نەزەردە تۇتقاندا، بۈگۈنكى كۈندە مىللىي ئۆرپ - ئادەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق چۈشەنمەيدىغان ۋە توغرا ئىگىلىيەلمەيدىغان، ھەتتا

بەزى دىنىي ھەرىكەتلەرنى مىللىي ئۆرپ - ئادەت، دەپ بىلىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرمۇ يوق ئەمەس. چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر مىللىي ئۆرپ - ئادەت بىلەن دىنىي ھەرىكەتنىڭ چېكىنى قەستەن ئارىلاشتۇرۇپ، يامان غەرەز بىلەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى تەرغىب قىلىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە كۈشكۈرتۈۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادىتىگە توغرا قارىشىمىز ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

ئۆرپ - ئادەت دېگىنىمىز — كىشىلەر تەرىپىدىن بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملاشتۇرۇلۇپ توپلانغان قائىدە - يوسۇن ۋە ئادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مۇئەييەن تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي شارائىتتا ئۇزاق مۇددەت داۋاملىشىپ كەلگەن بىر خىل تۇرمۇش شەكلى، بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەتتىن پەرقلەندۈرىدىغان بەلگە، شۇنداقلا مىللەت ئالاھىدىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دىن بىر خىل ئىدېئولوگىيە شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئەمەلىي گەۋدە بولۇپ، ئۆزىگە خاس نەزەرىيە سىستېمىسى، قائىدە - يوسۇنى، ئەقىدە - ئەھكامى، تۈزۈمى ۋە تەشكىلى بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆرپ - ئادەتكە ئوخشىمايدۇ، ئۆرپ - ئادەت پەقەتلا يوسۇن بولۇپ قالغان ھەرىكەتتىنلا ئىبارەتكى، ھەممە ئادەم رىئايە قىلمىسا بولمايدۇ، دېگەن بەلگىلىمە بولمايدۇ، ئىختىيارلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك.

دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئىدېئولوگىيەگە تەۋە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ دۇنيا قاراش ۋە ئىدىيەۋى تونۇش مەسىلىسىگە ياتىدۇ؛ ئۆرپ - ئادەت بىر خىل ھەرىكەت شەكلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ياتىدۇ. بىرەر مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا شۇ مىللەتنىڭ بارلىق كىشىلىرى ئەمەل قىلىپ كېتىشى ناتايىن، ئەمما بىرەر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتى شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولىدۇ. دىن پەيدا بولۇپ ھازىرغىچە بولغان ئۇزاق جەرياندا دىنىي ئەھمىيەتكە ئىگە نۇرغۇن مۇراسىم، ھەرىكەت شەكلى، پائالىيەت قاتارلىقلار بارا - بارا ئۆزىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ، بارا - بارا مەلۇم مىللەت كىشىلىرى ئورتاق قوبۇل قىلغان ۋە ئەمەل قىلىدىغان تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلاندى.

ھەممە مىللەتتە دىنىي ئېتىقادتىن ئۆزگەرگەن ئۆرپ - ئادەتلەر بار. بۇ ئۆرپ - ئادەتلەر ئۇزاق مەزگىللىك ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ ئەنئەنىگە ئايلىنىپ، نىسپىي مۇقىملىقىنى ساقلاپ كەلگەن. ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ تەركىبىدە بەزى دىنىي تۈس ۋە دىنىي ئەنئەنىلەر بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاللىقاچان مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەتكەن.

ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا دىنغا ئائىت قائىدە - يوسۇن، دىنىي پائالىيەتلەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، مەدەنىيەت - بايرام، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدىكى ئۆرپ - ئادەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆرپ - ئادەت بىلەن دىنىي قائىدە - يوسۇن ئارىسىدا يەنىلا پەرق مەۋجۇت، شۇڭا بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئات قويۇش، خەتنە قىلىش، مېيىت نامىزى، ھازا ئېچىش، قارىلىق تۇتۇش قاتارلىق ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىشلار بەزى دىنىي تۈسكە ۋە دىنىي ئەنئەنىگە ئىگە بولسىمۇ، ماھىيەتتە مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، ھۆرمەت قىلىشقا بولىدۇ. روزا تۇتۇش، ناماز ئوقۇش، ھەج قىلىش قاتارلىقلار دىنىي پائالىيەت كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنى ياكى ئۆيىدە ئېلىپ بارغان دىنىي پائالىيىتىنى قوللاشقا تېگىشلىك. ئەمما ھۆكۈمەت خادىملىرى، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**5. زامانىۋى قاراش يېتىلدۈرۈپ، زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلايلى**

شىنجاڭ ھازىر ئېچىش، گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك ئۇلۇغۋار مۇساپە جەريانىدا بىر قىسىم كىشىلەر بېكىنمە، قالاق، مۇتەئەسسىپ ئىدىيەۋى قاراش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن ۋاز كەچمەي، شىنجاڭنىڭ ئوبرازىغا مۇ-

ئەييەن دەرىجىدە داغ چۈشۈرۈپ، شىنجاڭچە روھتىن چەتنەپ، شىنجاڭچە سۈرئەت، شىنجاڭچە ئۈنۈمگە يۈتلىكاشاڭ بولماقتا.

ئادەتتە بىز ئېيتىۋاتقان تۇرمۇش ئۇسۇلى مۇئەييەن ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ چەكلىمىسىدە جەمئىيەتتىكى ئادەم، ئادەملەر توپى ياكى بارلىق ئادەملەرنىڭ مۇئەييەن قىممەت قارىشىنى يېتەكچى قىلغان، ئۆزلىرىنىڭ ياشاش، تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان بارلىق تۇرمۇش پائالىيىتىنىڭ مۇقىم شەكلى ۋە ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تۇرمۇش ئۇسۇلى ئادەتتە كىشىلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، ئۆي - ماكان، يۈرۈش - تۇرۇش، ئەمگەك، خىزمەت، ئارام ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش، ئىجتىمائىي ئالاقە، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلە قاتارلىق ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇش تۈرىدىكى قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى، ئىستېمال قارىشى، ئېستېتىك قارىشى شۇنىڭدەك مۇشۇ قاراشلارغا لايىق ھەرىكەت شەكلى ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۇرمۇش ئۇسۇلى كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ تاشقى قىياپىتىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پەيدا بولىدىغان ھەرىكەت شەكلى.

زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆزلۈكسىز تۈردە ھازىرقى جەمئىيەتكە لايىقلىشىش، زامانىۋى مەدەنىيەتكە ماسلىشىش تەلەپ قىلىنىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى. شىنجاڭدا زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ياشاش دېگەنلىك زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ، زامانىۋى ئاڭ يېتىلدۈرۈپ، شىنجاڭچە روھنى جارى قىلدۇرۇپ، خۇراپاتلىققا قارشى تۇرۇپ، ئىلىم - پەننى قەدىرلەش، نادانلىقتىن ۋاز كېچىپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

1) تىرىشىپ زامانىۋى ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەش

ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرى — ئىنسانلار دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى قۇدرەتلىك قورال. زامانىۋى پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى ۋە كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە سىڭىپ كىرىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەكتە. زامانىۋى ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە كۈچلۈك پىشاڭ بولۇپلا قالماستىن، يەنە جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم كۈچ. شۇڭا زامانىۋى ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، زامانىۋى روھ يېتىلدۈرۈپ، ئىلمىيلىك ئىدىيەسىنى تۇرغۇزغاندىلا، توغرا دۇنيا قاراش تىكلەپ، دۇنيانى توغرا بىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئىگىلىيەلەيمىز، ھەقىقەتنى تونۇپ، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىپ، نادانلىقتىن قول ئۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرەلەيمىز؛ مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى توغرا چۈشىنىپ، زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىغا لايىقلىشىش ئاڭلىقلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى كۈچەيتەلەيمىز.

2) زامانىۋى قاراشنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈش

زامانىۋى قاراش زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ يول باشلىغۇچىسى. قاراش توغرا بولغاندىلا، ھەرىكەتتە ئاڭلىق، قەتئىي بولغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە ھەر مىللەت خەلقىدە زامانىۋى قاراش يېتىلدۈرۈشنى شىنجاڭدا ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپىنى ئاماللاشتىكى مۇھىم يول قىلىشىمىز لازىم. تار مىللەتچىلىك ئېڭىنى تۈگىتىپ، زور كۈچ بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئېڭىنى تىكلەپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە ئۆزلىشىش تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش؛ دۆلەت مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، دۆلەت بىخەتەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە تونۇشتا مۈجمەل بولماسلىق، پوزىتسىيەدە كۆڭۈلچەكلىك قىلماسلىق، ھەرىكەتتە تەۋرەنمەسلىكنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش؛ پۇقرالىق ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، پۇقرالىق

سالاھىيىتىنى مىللەت سالاھىيىتىدىن ئۈستۈن بىلىپ، ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەت، دۆلەت بىلەن مىللەت، باراۋەرلىك بىلەن ئادىللىق، ئەركىنلىك بىلەن قانۇن-تۈزۈم، ئەخلاق بىلەن مەدەنىيلىك مەركەز قىلىنغان پۇقرالىق ئېڭى تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش؛ قانۇنچىلىق ئېڭىنى مەھكەم تۇرغۇزۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداپ، مۇقىملىقنىڭ خەلقنى بەختلىك قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسى ئىكەنلىكىنى، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان پۇقرا بولۇپ، سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈمنىڭ بىرلىكى، ئىززىتى ۋە نوپۇزىنى ھەقىقىي قوغداش لازىم.

3) چىرىك، قالاق تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ تەسىرى ۋە چىرىتىشىگە ئاڭلىق قارشى تۇرۇش

ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئوبيېكتىپ، دىيالېكتىك نۇقتىئىنەزەردە قاراپ، ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئېسىل، ساغلام تەرەپلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى كونا قائىدە-يوسۇن ۋە يامان ئادەتلەرگە توغرا قاراپ، ئەسكى بولسىمۇ ئۆزۈمگە ياخشى دەپ، كەمچىلىكنى يوشۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىشنى خالىمايدىغان ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، كۆڭلى-كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتۇپ، قۇچىقىمىزنى كەڭ ئېچىپ، تۈزىتىشكە تېگىشلىكلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. «ئۈچ خىل كۈچ»لەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتنى دەستەك قىلىپ ئازدۇرۇش، قۇتراتقۇلۇق قىلىش، ئىغۋا تارقىتىشتەك ھەرىكەتلىرىگە يولۇققاندا، ئۇلارنىڭ رەزىل مەقسىتىنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يېتىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي غەرىزىنى چوڭقۇر تونۇپ، كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، ئاڭلىق ھالدا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ئۆرپ-ئادەت بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتىگە توغرا قاراپ، دىنىي پائالىيەت، دىنىي رەسىم-قائىدىنى ئۆرپ-ئادەت بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويۇشتىن ساقلىنىپ، دىندىن پايدىلىنىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتىش، ئارىلىشىش خاھىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە لايىقلىشىشقا پائال يېتەكلەش بىز ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان ۋە تەشەببۇس قىلىۋاتقان پرىنسىپ. شۇڭا، دىنىي قائىدە-يوسۇنلارنى ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى قىلىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، ھەرقانداق كۈچ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىن نامىدا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ئارىلىشىشىغا تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ.

نۆۋەتتە زامانىۋى مەدەنىيەتنى يېتەكچى قىلىپ، مىللىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن، ئۆزئارا قوشۇلغان، قۇچىقى ئوچۇق، شىنجاڭچە ئالاھىدىلىككە ئىگە زامانىۋى مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دىيالېكتىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى قېزىپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، دۇنيا مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئىجادىي ھالدا قوبۇل قىلىپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ھازىرقى جەمئىيەتكە لايىقلىشىپ، زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەپ، مىللىي مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەتنى تەڭ جىلۋىلەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ كۆز قاراشنى يېڭىلاپ، كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى دەسسىتىپ، كونا، ناچار ئادەتلەردىن قول ئۈزۈپ، ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن بەھرىلەنگۈچى، تەشۋىقاتچىلاردىن بولۇپ، شىنجاڭچە روھنى ئەمەلدە كۆرسەتكۈچى، ئىلگىرى سۈرگۈچىلەردىن بولۇش؛ پەرققە ھۆرمەت قىلىپ، كۆپ خىللىققا يول قويۇپ، بىر-بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈپ، دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، زامانىۋى ئاڭ، قانۇنچىلىق ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، «تۆتنى تونۇش»نى مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە مۇجەسسەملەپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچى ھاسىل قىلىش كېرەك.


---

شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتىدىن **ئادىل مۇھەممەت** تەييارلىغان

# رەڭ

(پوۋېست)

ئاتىكەم سىدىق ئايقۇت



سېغىنىش ئاپئاپىقا ئوخشايتتى، سېغىنىش گۈل ھىدىغا ئوخشايتتى، سېغىنىش چېكقچۈشكىمۇ ئوخشاپ قالاتتى؛ سېغىنىش سۈنىڭ شىلدىرلىشىغا؛ گۈلنىڭ ئېچىلىشىغا، يۈرەكنىڭ كۆيۈشىگىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى، سېغىنىش قۇياش نۇرى ئاستىدا پارلاپ تۇرغان بارلىق رەڭلەرگە ئوخشاش تاۋلىنىپ تۇراتتى.

مەن بىر سېغىنغۇچى ئىدىم. بەلكىم ھەممە ئادەم بىر سېغىنغۇچى بولۇشى مۇمكىن. ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدا ئۆزىلا بىلىدىغان ئۈنسىز سېغىنىشلىرى بولىدىغاندۇ. ئىشقىلىپ مەن شۇنداقتەك ئويلايتتىم.

كىچىك ۋاقىتلىرىمدا ئانامنىڭ چېچىمنى يېيىلمىلاپ ئۆرۈپ، ئۇچىنى مەشۇت يىپ بىلەن تىكىپ قويۇشىنى، ئۆستەڭگە سۇغا چىقسا كەينىدىن ئەگىشىۋېلىشلىرىمنى، باغدا ئۆرۈك تەرگەچ دادامغا دېيەلمىگەن سۆزلىرىنى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەشلىرىنى، ئاش يېيىۋېتىپ بىر بۇرجىكىدىن يىرتىپ ئوچاقتىكى قوقاستا پىشۇرۇپ بېرىشلىرىنى سېغىناتتىم. يەنە ئەتىگەندە يۈزلىرىمنى سىيلاپ ئويغاتقان ۋاقىتتىكى بىردەملىك ئۇيقۇنىڭ شېرىنلىكىنى… ئانامنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇ بار كۈنلەرنى، ئۇنىڭ بىلەن ياشايدىغان شۇ ھاياتنى سېغىناتتىم.

مەھەللىدىمۇ تېرەكنىڭ ئۇچىدىكى سەھەر قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىدا، نەم يوللاردىكى چىرايلىق سايىلەردە، دانلاپ يۈرگەن توخۇلارنىڭ قوقۇلاشلىرىدا، بالىلارنىڭ يىراقتىن ئاڭلىنىدىغان ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىدا، ئايدىڭدا ئاڭلىنىدىغان «دوست خېنىم»دا، بوۋايلارنىڭ قورۇق يۈزلىرىدە، مومايلارنىڭ ئۈنسىز سۈكۈتلىرىدە، ياشلارنىڭ ئاتەش كۆزلىرىدە... جىمجىت بىر سېغىنىش پارلاپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئۇ سېغىنىشلىرىمغا دادامنىڭ چوڭ سىياھلىق ياپىلاق قىزىل قېرىنداشنى قۇلىقىغا قىستۇرۇۋېلىپ ياغاچ رەندىلەشلىرى، قىزىل قېرىندىشىدا رەندىلەنگەن ياغاچلارغا بەلگە ئۇرۇپ، سىزىق تارتىشلىرى، چىراغ يورۇقىدا نەقىش ئويۇشلىرى، «دۆپالۋان»، «شېتىلە بىلەن پېتىلە»، «ئالدى كوزىغا سالدى»... غا ئوخشايدىغان چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بەرگەن ئۇزۇن كېچىلەر قوشۇلدى. دادام ياغاچ رەندىلىگەندە چىقىدىغان پۈزەككە مەن بەك ئامراق ئىدىم. ئۇنى ئوتقا تاشلىسا پۇرىرىدە قىلىپ كۆيۈپ كەتكەندە

چىقىدىغان يالقۇنغا مەپتۇن بولاتتىم. دادام ئانامدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنمۇ قايتا نىكاھلىق بولماي تەنها ياشىغانىدى. مەن ئانامنى سېغىنغانغا ئوخشاش دادامنىڭمۇ ئانامنى مەخپىي سېغىنىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، لېكىن ھەر ئىككىمىز سېغىنىشلىرىمىزنى يوشۇراتتۇق.

ھازىر بىلسەم نۇرغۇن ئادەم «سېغىنىش» دېگەن بۇ چىرايلىق گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالماي ياشايدىكەن. ھەممە ئادەمنىڭ سېغىنىدىغان ئادەملىرى تۇرۇپمۇ «سېغىندىم» دېمەيدىكەن، بىر كىملىرىنى سېغىنغانلىقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىدىكەن، بۇ نېمىدېگەن ئېچىنارلىق.

قورسىقى ئاچقان ئادەم تەبىئىيلا قورسىقىم ئاچتى دېيەلەيدۇ. نېمىشقا سېغىنغان ئادەم سېغىندىم دېيەلمەيدۇ.؟ قورساقنىڭ ئېچىشى تەننىڭ ئېھتىياجى بولسا سېغىنىش روھنىڭ ئېھتىياجى ئەمەسمۇ؟!

سېغىنغاننى سېغىندىم دېمەسلىك يۈرەككە زۇلۇم. يۈرەكنى بۇنداق ئېھتىياجىنى بېسىش بىلەن قۇرۇتىدۇ، يۈرەكنى سوۋۇتىدۇ، يۈرەكنى مۇزلىتىدۇ ياكى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ تاشلايدۇ.

ھېلىمۇ ئادەملەرنىڭ بىرلا يۈرىكى بار بولغىنى، ئەگەر ئىككى ياكى ئۈچ يۈرىكى بولغان بولسا يۈرەككە يەنە قانداق زۇلۇملارنى سالار بولغىيتتى ـ ھە!

مەن سېغىنىش ئادىمى ئىدىم. مەن سېغىنغىنىمنى ھېچكىمدىن يوشۇرماي دەپ ئويلايتتىم، لېكىن ھېچكىم مېنىڭ كىمنى سېغىنغانلىقىمنى ياكى كىمنى سېغىنمىغانلىقىمنى سوراپ باقمايتتى.

سېنى سېغىنغان ياكى سېغىنمىغانلىقىمنىمۇ ھېچكىم سوراپ باقمىدى. سېنى سېغىناتتىم. كەڭ ئالقانلىرىڭنىڭ ئىللىق تەپتىنى، چاچلىرىمنى سىيلىغاندىكى بەختىيارلىقنى، لەۋلىرىڭدىكى تەشنالىقنى، باغرىڭدىكى بىپايانلىقنى، ياشلىرىمنى سۈرتكەن ۋاقىتتىكى مېھرىڭنى... ھەممىنى سېغىناتتىم.

سېغىنىشلىرىم گۈزەل بىر كۈي كەبى يۈرىكىمگە قۇيۇلۇپ چىرايىمغا مۇڭ بېرەتتى. سېغىنىشلىرىم ئىسسىق رەڭلەرگە سىڭىپ رامكىلاردا رەسىملەرگە ئايلىناتتى. بۇ رەسىملەر نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئەقلىنى لال قىلغان، ھەۋىسىنى قوزغىغان. ئۇلار بىلمەيتتىكى، بۇ رەسىم رامكىلىرىدىكى رەسىملەر مەن سىزغان رەسىملا ئەمەس، ئەسلى ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى سېغىنىش، سۆيگۈ. ئۇلار بۇ رەسىملەرگە مەپتۇن بولۇشنىڭ ئۆزىگە، ئۆز قەلبىگە مەپتۇن بولۇش ئىكەنلىكىنى سەزمەيتتى.

ئۇلارنىڭ نۇرغۇن پۇل چىقىرىپ سېتىۋالماقچى بولغىنى ئەمەلىيەتتە ئۆزى، ئۆز قەلبى ئىدى. مېنىڭ سىزىپ چىققىنىم ئۇلارنى كۆيدۈرگەن، ئۇلارنى زارىقتۇرغان، ئۇلارنى سېلاپ ئەركىلەتكەن، ئۇلارنى قامچىدەك ساۋاپ كېچىلىرى تولغاندۇرغان سېغىنىش ئىدى.

ئادەملەر مانا مۇشۇنداق؛ ھامان ئۆزىمىزنىڭ نەرسىلىرىنى باشقىلارنىڭ قولىدا كۆرگەندىن كېيىنلا قەدرىنى قايتىدىن ھېس قىلىمىز، ئۇنىڭغا ئېرىشكىمىز كېلىدۇ.

سەن تۇيۇقسىزلا:

— مەن بارىمەن، — دېدىڭ.

ۋاھ! سەن ئاخىر كېلىدىغان بولدۇڭ.

لېكىن بۇ نېمە بولغىنى؟ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ سېنى زادىلا كۆرگۈم كەلمىدى، زادىلا سېغىنالمىدىم. قەلبىم قۇپقۇرۇقلا تۇراتتى، خۇددى ئوغرى كىرگەن ئۆيدەك.

ئادەم ھاياتتا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ھېچكىمنى سېغىنمىسا بولمايدۇ. سېغىنىش ھاياتنىڭ مەنىسى، سېغىنىش ئۈمىد، سېغىنىش مەنزىل، سېغىنىش كۈرەش؛ سېغىنىش — بىر خىل مۇھەببەت.

سېغىنىش بەزىدە ئازاب ئىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ مەيىن شامالدەك سىيپاپ ئۆتۈشىگە يۈزۈمنى تۇتۇپ بېرىشكە ئامراق ئىدىم. سېغىنىش ھەممە ئادەمنىڭ يۈرىكىدە سۆيگۈ نۇرىغا يۈزىنى تۇتۇپ ئۇخلاۋاتقان بىر بوۋاق ئىدى، مەن قەلبىمدىكى ئۇ بوۋاقنى پەپىلەپ ئاستا ـ ئاستا چوڭ قىلىۋاتاتتىم.

— 18 ـ دېكابىر بارىمەن، ئايرودۇرۇمدىن ئۇدۇل يېنىڭغا بارىمەن. قولۇڭنى تۇتۇپ پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ چىقىمەن. ھەممە ئادەمگە قايتىپ كەلگىنىمنى؛ ساڭا بەرگەن ۋەدەمنى ئورۇندىغانلىقىمنى كۆرسىتىمەن. سېنىڭ بۇ ئون يىلدا مېنى ساقلىغىنىڭنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ھەركىمگە بىلدۈرىمەن.

كومپيۇتېر ئېكرانىدىكى بۇ خەت سەندىن ماڭا يوللانغانىدى. نېمىشقا خۇش بولمايمەن؟ نېمىشقا ھاياجانغا چۆمۈلۈپ، كۆزلىرىمدىن ياشلار توختىماي تۆكۈلمەيدۇ؟ دەل مۇشۇ سۆزلەرنى مەن ئون يىل ساقلىغان ئەمەسمىدىم؟ خەتكە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈمگە ھەيران بولدۇم.

— بۇ ھەيدەر. بۇ، بىز ئون يىلدىن بېرى سېغىنغان، سۆيگەن، كۈتكەن ھەيدەر شۇ. يۈرىكىمگە بەرگەن بۇ ئۇچۇرلىرىمۇ مەندە يەنە ھېچقانداق تۇيغۇ ئويغاتمىدى. گېزىتتىن كونا بىر خەۋەرنى قايتا كۆرۈۋاتقان ئادەمدەك ھېسسىز پېتى قالدىم.

قەلبىمدە بىر تۈپ قاقشال دەرەخ يالىڭاچ تۇراتتى. بۇ مېنىڭ سېغىنىش دەرىخىم ئىدى، قاچانلاردا پەسىل يىغلاپ يالىڭاچلىنىپ قالدى؟!

زەيتۈنەم:

— سۆيگۈ كەچمىشى كۆپ ئادەملەر كېيىن ھېچكىمنى يۈرىكىدىن سۆيەلمەس بولۇپ قالىدۇ، — دېگەنىدى. بۇ گەپنى بەلكىم زەيتۈنەم دېمىگەندۇ، باشقا بىرسى دېگەندۇ ياكى مەن بىرەر كىتابتىن ئوقۇغاندىمەن، ئېسىقلىپ شۇنداق ئاڭلىغانىدىم.

ئۇنداقتا قانداق ئادەملەر ھېچكىمنى سېغىنماس بولۇپ قالىدىغاندۇ؟ مەن قانداق كەچمىشى كۆپ ئادەملەر قاتارىغا كىرىدىغاندىمەن؟ نېمشقا سىنىمۇ سېغىنمىغۇدەك دەرىجىدە ھېسسىياتسىز، تاش ئادەم بولۇپ قالدىم؟ ياكى تەكرار - تەكرار ئۇمۇنۇپ، ئاخىرىدا ئۇنۇمىدسىز قېلىش ئادەمنى مۇشۇنداق قىلىپ قويامدىغاندۇ؟

ساڭا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي، كومپيۇتېرنى ئۆچۈرۈپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. نېمە دەي ساڭا، «سېنى سېغىنماپتىمەن، كۆرگۈم كەلمەپتۇ» دېگىلى بولمايدۇ-دە. ئەگەر يالغاندىن ھاياجانلىنىپ «سېنى سېغىندىم» دېسەم ئۆزۈمگە ئاسىيلىق بولىدۇ. بۇ يۈرىكىمنى ئون يىل ھىجراندا قىينىغىنىم يەتمىگەندەك، ئەمدى ھېچبىر ھاياجان تۇيماي تۇرۇپ ئۇنى بىر مۇھەببەتلىك يۈرەك قىلىپ كۆرسىتىش بىچارە يۈرىكىمگە زۇلۇم بولماسمۇ؟ ھېلىمۇ ئۇنىڭ يۈرەك دېگۈدەك نەرى قالدى؟

ھاياتىمدىن ئانامنى يوقاتتىم، بالىلىق قەلبىمدە ئاچچىق بىر يارا، ئۆچمەس بىر ئىز، پۈتمەس بىر يىغا شۇ مۇسىبەتتىن قالدى.

دادام — پەقەت بىر مېنى بېقىپ قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن ھاياتىنى سەرپ ئەتكەن دادام، تويۇمنى كۆرۈش ئارزۇسىغا يەتمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى. سەن بۇنىڭ مەن ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلسەن. دادام مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى يېگانەم ئىدى. دادام ھەم دادام ھەم ئانام ئىدى. مەن سېنى ساقلايمەن دەپ يۈرۈپ دادامنىڭ: «كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا پەرزىمنى ئادا قىلىۋالاي، قىزىم. پەرز، قەرز پېتى مەن بىلەن كەتمىسۇن» دېگەن ئۆتۈنۈشلىرىنىمۇ جاۋابسىز قۇرۇتقانىدىم.

ئادەملەر ئۆز ئارزۇلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن يىغىنلىرىنىڭ يۈرىكىنى قۇرۇتىدىكەن. يۈرەكنى مەڭگۈ قۇرۇمايدىغاندەك ھېس قىلىپ ياشاپ، ئۇ يۈرەك قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن «ۋاي ئىست!» دەپ پەرياد ئۇرىدىكەن.

دادام ھاياتى بەدىلىگە مېنى بېقىپ، مەندىن پەقەت شۇنىلا كۈتكەنىدى. بىر نورمال ئائىلە بولۇشۇمنى، ۋاقتىدا ئۆيلىنىپ ئۇچاقلىق بولغىنىمنى كۆرۈشنى كۈتكەنىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ شۇ ئارزۇسىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرەلمىدىم.

ئادەملەر نۇرغۇن نەرسىدىن ئايرىلىدۇ، ئاندىن يېڭىسىغا ئېرىشىدۇ. لېكىن ھاياتتىكى ھېچقانداق يوقىتىش ئاتا - ئانىنى يوقىتىشقا ئوخشىمايدۇ، ئاتا - ئانىنىڭ ئورنىنى ھېچقانداق بىر ئىنسان باسالمايدۇ. ھېچقانداق ھەسرەت ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ھەسرىتىگە تەڭلىشەلمەيدۇ. ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئادەملەرنىڭ يۈرىكى دائىم كۆيۈپ تۇرىدۇ، دائىم ئېزىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ يۈرىكى دائىم ئېقىپ تۇرىدۇ، كۆز يېشىغا ئايلىنىپ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

مەن دەل شۇلارنىڭ بىرى ئىدىم. ئانام بىلەن دادام يۇلتۇزغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. دادامنىڭ ئۆلۈمدە يىغلاپ ئولتۇرۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى خىيال قىلدىم.

سەن يېنىمدا بولغان بولساڭ دادامنىڭ جىنازىسىنىڭ سېنىڭ مۈرەڭدە ئىگەنلىكىگە ئىشىنىپ ئازغىنە بولسىمۇ تەسكىنلىككە ئېرىشەلەيتتىم. كىممۇ دادامنى يەرلىككە ئەكىرگەندۇ؟ كىم دادامنىڭ يەرلىكىنىڭ كېلىك - تارلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن گۆردە سوزۇلۇپ يېتىپ باققاندۇ؟ كىم دادامنىڭ يۈزىنى قىبلىگە ئۇدۇللاپ قويغاندۇ؟ كىم جامائەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورنىدىن تۇرۇپ: «دادام قانداقراق كىشى ئىدى؟» دەپ سورىغاندۇ؟ مەن ھېچ نەرسىنى بىلمىدىم.

ئۆلۈم بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېرىشىدىغان نېسىۋىمىز، ھېچكىم بۇنىڭدىن قۇرۇق قالمايدۇ. ئۆلۈم يازدەك ئەمەس، ئۆلۈم قىشتەك ئەمەس، ئۆلۈم پەقەتلا ئۆلۈمدەك. ئۆلۈم پەقەت ئۆزىگىلا ئوخشايدۇ، ئۆلۈمنىڭ پۇت - قولى يوق، ئۆلۈمنىڭ قاش - كۆزى يوق، ئۆلۈم-

نىڭ ئوخشىشى يوق؛ ئۆلۈم يېگانىدۇر.

ئۆلۈم يەر تەۋرىگەندەك تەۋرەپ كەلمەيدۇ، كەلكۈندەك ھۆركىرەپ ياكى ئوت يالقۇندەك گۈركىرەپ كەلمەيدۇ. ئۇ جىمجىت يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ جىمجىت كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن بىز دائىم ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىمىز. شۇڭا ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمىزنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ؛ ئۇلارنىڭ كىچىككىنە ئارزۇلىرىنىمۇ ئۇمىدسىز قويىدىكەنمىز. ئۇلارغا بولغان سۆيگۈمىز، ئۇلارغا بولغان سېغىنىشىمىز، ئۇلارغا بەرمەكچى بولغانلىرىمىز، ئۇلارغا ئېيتماقچى بولغانلىرىمىز كېيىنگە سۈرۈلۈپ- سۈرۈلۈپ ئىجراسىز قالىدىكەن.

نە ئازاب بۇ! ھەيدەر، نەقەدەر ئازاب بۇ؟ مەن چىدىيالمىدىم.

مەن دادامغا تېخى سېنىڭ بارلىقىڭنى دېمىگەنىدىم. سېنى كېلىدۇ، بىز بىللە ياشىماقچى، دېمىگەنىدىم. ئەمدى دادام يوق. ئەمدى ئۇ گەپلەرنى مەيلى كىمگىلا دەي دادامدەك خۇشال بولالمايدۇ. بەلكىم كۆڭلۈم ئۈچۈن ئاڭلاپ قويار، كۆڭلۈم ئۈچۈن سۆس كۈلۈمسىرەپ قويار. ھېچكىم دادام كەبى خۇشال بولالمايدۇ. ھېچكىم دادام كەبى قىزىقىپ سېنى كۆرۈپ بېقىشقا ئالدىرىمايدۇ. ھېچكىم دادامدەك چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ «ئاللا، بەختىڭىزنى بەرسۇن قىزىم. بىر ئۆمۈر ئاخىرغىچە بىللە ياشاش نېسىپ بولسۇن!» دەپ دۇئاغا كۆتۈرۈلگەن قوللىرى بىلەن يۈزلىرىنى سىيپاپ، كۆز ياشلىرىنى يوشۇرۇنچە سۈرتمەيدۇ. چۈنكى ھېچكىم دادام ئەمەس، ھېچكىم مېنىڭ بەختىمگە، خاتىرجەملىكىمگە دادام كەبى كۆڭۈل بۆلۈپ يۈرمەيدۇ، مېنىڭ ئەمدى دادام يوق.

ئەمدى سېنىڭ قايتىپ كېلىشىڭمۇ خۇددى مەن دادامغا ئېيتمىغان مۇشۇ خەۋەرگە ئوخشاش قىممىتىنى يوقاتتىمۇ؟ سەن كەتكەن كۈنىمۇ بۈگۈنكىدەك ھاۋا تۇتۇق بىر كۈنى ئىدى. سەن يېنىمدا ئۈزۈلىقىمۇ تۇرماي ئايروپىلان كۈتۈش زالىغا كىرىپ كەتكەن، مەن سەن چىقىدىغان ئايروپىلان ئۇچۇپ كەتكۈچە دېرىزە يېنىدا يالغۇز تۇرغانىدىم. سەن نېمىگىدۇر خۇشال ئىدىڭ، مەن نېمىگىدۇر پەرىشان ئىدىم.

سەن ھېچ ئەنسىرىمەستىن مېنى ئۈزۈلۈك كەبى ئۇتتەك بىر توپ بىز دېمەتلىك ياشلارنىڭ، ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ، كەسپداشلىرىمىزنىڭ ئارىسىغا تاشلاپ قويۇپ ئەنگلىيەگە كەتكەنىدىڭ.

مەن شۇ كۈنى ئاشۇ دېرىزە ئالدىدا ئىككى سائەت يالغۇز تۇرۇش ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىنكى يالغۇز باسماقچى بولغان مۇساپەمنى باشلىغانىدىم، دەل ئاشۇ دېرىزىنىڭ ئالدى مېنىڭ باشلىنىش نۇقتام بولدى.

يالغۇزلۇق ئەسلىدە بەك يامان ئىشمۇ ئەمەس. يامان بولغىنى يالغۇز ئادەمنىڭ يالغۇزلۇقتىن تاپىدىغان گۈزەللىكنى باشقىلارنىڭ كۆرەلمەسلىكى، بىلەلمەسلىكى ھە دېسە يالغۇزنىڭ يالغۇزلۇقىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇشى.

«تەنھالىق مېنىڭ گۈزەل بىر باغچەم» دەپ شېئىر يازغانىدى، ئەرەب شائىرى ئەدونىس. تەنھالىق ھەقىقەتەن گۈزەل بىر باغچە ئۇ يەردىمۇ گۈللەر بار، گۈللەر بىلەن پۈتكەن گۈلزار بار. قۇشلار بار، شامال ۋە مۇزدكا بار. تەنھالىق بەك يامان ئىش ئەمەس، ئەمما يامان بولغىنى تەنھا قالغۇچىنىڭ تەنھالىققا كۆنۈپ قېلىشى.

مەن بىلىپ- بىلمەي قەپەسكە كۆنگەن قۇشتەك تەنھالىقىمغا كۆنۈپ قېلىۋاتاتتىم. ئۇنىڭغا مەپتۇن بولاتتىم، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇشتىن قورقاتتىم، چۈنكى تەنھالىق مېنىڭمۇ گۈزەل بىر باغچەم بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

ھەممە ئادەمنىڭ تەنھالىقنى خالاپ قالىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ. جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيال سۈرگۈسى، ياپيالغۇز سوزۇلۇپ ياتقۇسى، ئاپتاپقا قاقلانغۇسى، مۇزىكا ئاڭلىغۇسى، شېئىر ئوقۇغۇسى، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ تازا يىغلىغۇسى، ھەتتا يىراقلارغا يالغۇز كەتكۈسى كېلىپ قالىدۇ بەزىدە. چۈنكى ئادەملەر ئالدىراشچىلىقتىن، تۇرمۇشنىڭ بېسىمىدىن، شەھەرنىڭ ۋاراڭ- چۇرۇڭىدىن جاق تويۇپمۇ قالىدۇ ئۆزىچە. لېكىن يەنىلا قىلغۇسى كەلگەننى ئەمەس، قىلغۇسى يوق، ئەمما مەجبۇرىيەت بولۇپ قالغان ئىشلارنى قىلىشىدۇ، مانا بۇ بىزدەك شەھەرلىكلەرنىڭ كۆنۈپ قېلىۋاتقان يېڭى تەبىئىتى.

ئەزەلدىنمۇ ياكى سەن كەتكەندىن كېيىنمۇ، تۇتۇق ھاۋانى ياقتۇرمايتتىم. ھاۋا تۇتۇلغان كۈنى مەنمۇ تۇتۇلۇپ قالاتتىم، ئىشلىرىم ئىلگىرى كەلمەيتتى. بۈگۈنمۇ ھاۋانىڭ تۇتۇلغىنىنى بىلگەن بولسام ئىشخانىدا چىراغ نۇرىغا گول بولۇپ ئولتۇرۇۋەرمەسمىدىم. كەينىمگە يېنىپ ئىشخانىغا ئەمەس، رەسىمخانامغا كىرىپ، يېڭىدىن باشلاپ قويغان «ئالتۇن تارىم» دېگەن رەسىمنىڭ ئالدىغا كەلدىم. دائىم سىزىپ پۈتتۈرۈپ بولالمىغان رەسىملىرىمگە قاراپ ئولتۇرسام ئاجايىپ گۈزەل تەسەۋ-

ۋۇرلارغا ئىگە بولاتتىم، شۇ تەسەۋۋۇرلارغا چۆمۈلۈپ سىزغان رەسىملىرىممۇ چىن چىققاتتى. ئۇ رەسىمنىڭ يېنىدا تاش رامكىغا ئېلىنغان سەن بار ئىدىڭ، كۆزلىرىم ئالتۇن تارىمنى ئەمەس، سېنى كۆردى. نېمە بولدىكىن، ماڭا خۇددى سەن يېنىمدا تۇرغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان «سەن» بۈگۈن سوغۇقلا كۆرۈندى. سېنى يۈرىكىمدىكى بارلىق سېغىنىشلىرىمنى، سۆيگۈ ھېسسىياتىمنى رەڭلەرگە سىڭدۈرۈپ پەلكۈچلىرىم ئارقىلىق قىزىل، سېرىق، يېشىل... رەڭلەرگە تايىنىپ سىزىپ چىققانىدىم.

مېنىڭ سېغىنىشلىرىم يۈرىكىمدىن چىقىپ، رەڭ تاختىسىدا ئېرىپ پەلكۈچ بىلەن رەسىم رامكىسىغا تارتىلغان سۈرۈپقا سىڭەتتى. تۇيغۇلىرىم قۇشلارنىڭ قانىتىدا، گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىدا، مايسىلارنىڭ تىترىشىدە، ئاسماننىڭ كۆپكۆك چاقنىشىدا يېيىلىپ رەسىملىرىمدە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

بۇ نېمە بولغىنى؟ بۈگۈن قارىچۇغا كۆزلىرىڭ قايغۇلۇق، بولۇق لەۋلىرىڭ سوغۇق. مەن «سەن» ئارقىلىق قايغۇ ياراتماقچى ئەمەس ئىدىم، بارلىق مۇھەببىتىم بىلەن سىزغىنىم سۆيگۈ ئىدى. تۇنجى قېتىملىق كۆرگەزمەمدە مۇشۇ رەسىمگە خۇددى جىنىدەك چاپلاشقان شياڭگاڭلىق رەسىم سودىگىرىگىمۇ «سەن»نى بېرىشكە قىيمىغانىدىم.

سېنى قانداقمۇ پۇلغا بېرىۋەتكىلى بولىدۇ؟ «سەن»دە نامايان بولۇۋاتقىنى مېنىڭ سۆيگۈم تۇرسا، كىممۇ سۆيگۈسىنى پۇلغا ساتىدۇ. سېنى ھازىرقى تەجرىبەمگە، تېخنىكامغا تايىنىپ قايتا سىزىپ چىقالىشىم؛ ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى سىزىپ چىقالىشىم مۇمكىن، لېكىن بۇ رەسىمگە سىڭگەن تۇيغۇم ۋۇجۇدۇمدا قايتا تەكرارلىنىشى مۇمكىنمۇ؟

ئەسلىدە ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ھەر بىر دەقىقىسى قايتىلانماسلىقى بىلەن ئاجايىپ قىممەتلىك. ئادەمنىڭ ھەر بىر نەپىسى ئۆمرىدە پەقەت بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدۇ. ھەر بىر بېقىشى، ھەر بىر تىترىشى، ھەر تامچە كۆز يېشى، ھەر قېتىملىق كىچىككىنە تەبەسسۇمى، ھەتتا كۆز يۇمغانچىلىكمۇ داۋاملاشمايدىغان بىر لەھزىلىك تۇيغۇسىمۇ بىر ئادەمنىڭ بىر قېتىملا زاھىر بولىدىغان ئەڭ قىممەتلىك بايلىقلىرى.

مەن سىزىپ چىققان «سەن»مۇ دەل ئاشۇ قايتىلانماس دەقىقىلىرىمنىڭ، تۇيغۇلىرىمنىڭ، سېغىنىشلىرىمنىڭ، سۆيگۈمنىڭ يالدامىسى.

گەرچە ئوقۇغىنىم گۈزەل سەنئەت كەسپى بولسىمۇ ئەمما مېنى رەسسام قىلىپ چىققىنى سەن ئىدىڭ. ماڭا چەكسىز سېغىنىش، پۈتمەس ھەجران ئاتا قىلغان سۆيگۈلۈك ئۇيقۇسىز قالدۇرغان كېچىلىرى، مەن يۈرىكىمدىن قايناپ چىقىۋاتقان سېغىنىشلىرىمنى بىر سىزىق، بىر سىزىقتىن سىزىپ چىقاتتىم. قايتا - قايتا سىزىپ تاكى قەلبىمدىكى نىدا رەڭ بىلەن رەسىمدە نامايان بولغانغا قەدەر سىزاتتىم. سېغىنىشنى، مۇھەببەتنى، ھەر نېمە قىلىپ چىققىلى بولىدۇ، پەقەت ئۇ يۈرەكتە بولسىلا.

سېغىنىشتىن پۈتكەن كۈيلەر، سېغىنىشتىن پۈتكەن شېئىرلار، سېغىنىشتىن پۈتكەن رەسىم، سېغىنىشتا ئېيتىلغان ناخشا... ھەممىسى شۇڭا ئۇدۇل بېرىپ يۈرەككە تېگىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ چىققان جايى دەل يۈرەك.

ئەمدى قېنى ئۇ تۇيغۇ؟ قېنى ئۇ سېغىنىش؟ قېنى ئۇ ھەجران؟ ھەتتا ئىنتىلىشمۇ قالماپتىغۇ!

پەرىشان بولساملا ھېچكىمگە كۆرۈنمەي يوتقانغا بېكىنىۋالىدىغان بىر خۇيۇم بار. كەچقۇرۇن كېلىپ ياتقاندىچە ھېچنېمە يېمەپتىمەن، قورسىقىم ئېچىپ زادىلا مادارىم قالمىدى. بىر سىقىم كىشمىش، ئازراق ياڭاق مېغىزى سېلىپ ئۈستىگە قېتىق قۇيۇپ يېدىم. ئاچ قورساققا مۇزدەك قېتىقنى شۇنچىلىك ھۇزۇرسىز يېگەن بولساممۇ ئاچلىق سېزىمى يوقالدى.

سېنىڭ «بۈگۈن ئېلىپ كېتىمەن، ئەتە ئېلىپ كېتىمەن...» دېگەن گەپلىرىڭ بويىچە خىزمەت ئىزدىمەي ئىشسىز يۈرگەن كۈنلىرىمدە ئاچلىققا ئاجايىپ بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدىم. تەنھالىق، ئاچلىق مېنىڭ كېيىملىرىمدەكلا ئايرىلماس ھەمراھىم بولغانىدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ قىيىنىقى ماڭا بىر خىل ئاچچىق ھۇزۇر ئاتا قىلاتتى. رەسىم سىزغان ۋاقىتلىرىمدىمۇ كۆپ ۋاقتىم قايناق سۇغا تايىنىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ھېچبىر تايانچىم، ھېچبىر يول باشلىغۇچۇم، ھېچبىر بېشىمنى سىيلار كىشىم يوق؛ ئۆزۈمنى ئۆزۈم يېتىلەپ ياشىغانىدىم ئۇ كۈنلەردە.

بىر تەرەپتىن ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتاتتىم، رەسىمنىمۇ تۈزۈك سىزالمايتتىم، پۇلۇممۇ ئاز ئىدى. شۇ كۈنلەردە رەسساملار جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان كۆرگەزمىلەردىن ياكى دىيارىمىزدا ئېچىلىۋاتقان يەرمەنكىلەردىن ماڭا ئورۇن تەگمەيتتى. كىممۇ مەندەك پۇلى يوق، يۈز - ئاب-

رۇيى تىكلەنمىگەن، ھەتتا كۆتۈرۈۋالغان نەچچە تاختا رەسىمدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق، ھېچكىم تونۇمايدىغان قىزغا ئورۇن بەرسۇن.

مەن يەنىلا ئۈمىد بىلەن كۆرگەزمە بولىدىغان جايلارنىڭ ئەتراپىدا يول بويىغا ياكى دۇكانلارنىڭ ئالدىدىكى بوش ئورۇنلارغا رەسىملىرىمنى يېيىپ ئولتۇرۇۋالاتتىم.

يولدىن ئۆتكەن ھەر بىر ئادەمگە ئۈمىد بىلەن تىكىلەتتىم. مەيلى مەن قانچىلىك ئىلتىجا بىلەن تىكىلمەي ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئىچىدە رەسىمگە نەزەر سالىدىغان، رەسىم سېتىۋېلىشنى خالايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى، ئۈمىدسىزلىك، ئاچلىق تەكرارلىناتتى، جاھىللىق بىلەن تىركىشىشىم ئەۋجىگە چىقاتتى.

ياراتقۇچى سۇنى شۇنداق خىسلەتلىك يارىتىپتىكەن. مەندەك يەيدىغان تامىقى يوق ئادەملەر پات ـ پات سۇ ئىچىۋالسىمۇ بىرەر كۈننى ئۆتكۈزگىلى بولاتتى. ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ھەرھالدا يايىمامغا نەزەر سالاتتى. كۆپ ئادەم پەقەت قىزىقىپ قاراپ قوياتتى. مەن زېرىكمەستىن مۇشۇنداق كۆرگەزمىلەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىسىلا بېرىپ كۆرەتتىم، يەرمەنكىلەرنىڭ ئەتراپىدىن مۇۋاپىق بىر بوشلۇق ئىزدەيتتىم، كۈنلەر قىيىنچىلىقتا ئۆتەتتى.

سەندەك دوكتور بولالمىسامۇ سېنىڭ مەسلىكىڭنى كەلتۈرىدىغان، ئازراق بولسىمۇ قايىللىقىڭنى قوزغىغۇدەك بىر ئادەم بولغۇم بار ئىدى. سەن كەلگەندە سېنىڭ ئالدىڭغا ئېلىپ چىققۇدەك بىرەر نەتىجەم بولۇشىنى؛ سەن بىلەن تەڭ بولالمىسامۇ ئارىمىزدىكى پەرقىنىڭ بەك چوڭىيىپ كەتمەسلىكىنى ئارزۇ قىلاتتىم.

كىچىك ۋاقتىمدا دادام ھەر بازار كۈنى ئۆزى ياسىغان قاچا ـ قۇچا جەۋنى، يۈك جەۋەن، ساندۇق، نەقىشلىك رىلە... لەرنى بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى. بەزىلەرنى مەخسۇس بۇيرۇتقانلار ئېلىپ كەتسە بەزىلىرىنى خېرىدار كېلىپ سېتىۋالغۇچە ئولتۇراتتۇق. دادام ئەتراپىتىكى دۇكاندارلار بىلەن پاراڭلىشاتتى. مەن دادامنىڭ يېنىدىكى بۆشۈكچىنىڭ سىرلىرى بەكمۇ چىرايلىق، ئالتۇن رەڭ ھالقىلىرى بار بۆشۈكلىرىگە ھەۋەس قىلىپ كەچكىچە سىيلاپ يۈرەتتىم، كېيىن ئۇ ئادەم ماڭا بىر كىچىك بۆشۈك ياساپ بەرگەنىدى.

كەچقۇرۇن ھەممە نەرسىلىرىمىز سېتىلغان، دادامنىڭ يانچۇقىدا لىق پۇل (بۇ مېنىڭ خىيالىم)، خېرىدارلاردىن يېڭى بۇيرۇتمىلارنى ئېلىپ ئۆيگە قايتاتتۇق. بەزى كۈنلىرى ھارۋىدا يېتىپ ئاسماندىكى ساناقسىز يۇلتۇزلارغا قاراپ نېمىشقا بۇ يۇلتۇزلار زادى ئۆچۈپ قالمايدىغاندۇ دەپ ئويلايتتىم. يۇلتۇزلارنىڭ نېمىشقا يېغى تۈگەپ ئۆچۈپ قالمايدۇ؟ — دەپ سورىسام، ئانام: — ئاللانىڭ ھېچ نەرسىسى تۈگەپ قالمايدۇ، — دېگەنىدى.

مېنىڭ كوچا بويىدا رەسىملىرىمنى يېيىپ ئولتۇرۇشۇم دادامغا بولغان سېغىنىشىم ئىكەن دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم يېقىندىن بېرى. مەن مۇزدەك يەرگە رەسىملىرىمنى يېيىپ ئولتۇرغان ۋاقتىمدا خۇددى دادامنىڭ خېرىدارلىرىغا ئوخشاش ئىسسىق چىراي بىر توپ خېرىدارنىڭ ھامان مېنىڭ رەسىم يايىمامغىمۇ كېلىدىغانلىقىغا بىر غايىۋى ئىشەنچىم بار ئىدى.

يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە ئاخىرى ماڭا بەسىرى ئۇستازنىڭ نەزەرى چۈشۈپ قالدى. بۇ مۆھتەرەم ئۇستازنى مەن تونۇيتتۇم، گەرچە يۈزتۇرا تونۇشلۇقىمىز بولمىسىمۇ، ئۇنداق تالانت ئىگىسىنى تونۇمايدىغان ئادەم ئاز، مەنمۇ دەل شۇلاردەك ھۆرمەت بىلەن، ئىپتىخار بىلەن تونۇيتتۇم.

— قىزىم، بۇ رەسىملەرنى ئۆزىڭىز سىزدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ئۆزۈم سىزىمەن.

— رەسىم سىزىشتا دىتىڭىز بار ئىكەن، لېكىن يەنە ئۆگىنىشىڭىز كېرەك.

— رەھمەت، ئۆگىنىۋاتىمەن.

مەن تۇنجى قېتىم يايىمامغا كېلىپ رەسىملىرىمگە نەزەر سالغان بۇ ھۆرمەت ساھىبىغا ئەيمىنىپقىنا شۇنداق دېيەلىدىم.

— بۇ رەسىملەرنى ساتقىلى ئېلىپ چىقتىڭىزمۇ؟ سىزنى نەچچە كۈندىن بېرى بۇ يەردە تولا ئۇچراتتىم.

— ھەئە، ساتقىلى ئېلىپ چىقتىم، ئۇستاز.

— رەسىم دېگەن ئاسانلا سىزغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، قىزىم، رەسىمنى ئالدىراپلا ساتمىغۇلۇق.

يەرگە قاراپ ئولتۇردۇم، لېكىن كۆز ياشلىرىم تاشتەك مۇزلاپ كەتكەن يۈزلىرىمگە تاراملاپ تۆكۈلدى.

موھتاجلىق دۇنيادىن يوقلىپ كەتمىدى ھەم يوقىلىپمۇ كەتمەيدۇ. ھەرقانداق ئادەم ھەر خىل نەرسىلەرگە موھتاج بولۇپ ياشايدۇ. ئەمما ماددىي موھتاجلىقنىڭ

ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇپ كەتكەن بىر قىسىم ئادەملەر دۇنيادا يەنىلا موھتاجلارنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئۇلار ھەممە ئادەمنى ئۆزىدەك خاتىرجەم، ھەممە نەرسىسى تەل دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە دەل شۇ مىنۇتتا دۇنيانىڭ مەلۇم جايلىرىدا بىر توغرام نان ئۈچۈن يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئىشلار يۈز بېرىۋاتقان بولىدۇ. مەن بەسرى ئۇستازغا بۇلارنى دېمىدىم. نېمە دەپ دېيەلەيتتىم. ئەگەر شۇ كۈنى بەسرى ئۇستازنىڭ نەزەرىگە ئىلىنىپ قالمىغان بولسام بەلكىم رەسساملىقنى پەقەت جان بېقىش قورالى قىلىدىغان ئادەتتىكى بىر رەسسام بولۇپ قېلىشىم مۇمكىنمىدى، دەپ ئويلايمەن ھازىر. بەسرى ئۇستاز موھتاجلىقتىن مۇستەسنا ئادەم بولسىمۇ، لېكىن موھتاجلارنى ئۇنتۇمىغان ئادەملەردىن ئىدى.

بەسرى ئۇستازنىڭ ئۆزىدەكلا يېقىملىق، باھار سياق ئايالى شۇ كۈنى كۆزۈمگە ئانامدەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى، مەن قارىغۇ كارىدوردىن تۇيۇقسىز چىراغ يورۇقىغا چىققاندەك كۆزلىرىمنى چىمىلدىتىپلا قالدىم.

مەن بۇ ئۆيدە ئۇستازنىڭ داڭقىنى ئالەمگە يورگەن مەشھۇر رەسىملىرىنى يېقىندىن، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. گۈزەل سەنئەت رەسساملىق ئىدىيەسى ھەم ھېسسىياتى ئارقىلىق رەڭ ھەم باشقا ماتېرىياللارغا تايىنىپ سىزىق، شەكىل، بوياق، يورۇق - كۆلەڭگىلىك، پېرسپېكتىۋ ۋە بەدىئىي تۈزۈلۈش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئوبراز يارىتىش. رەسسام تارىخنى، تەبىئەتنى، بىر مىللەتنىڭ مىجەز - خۇلقى، ئۆرپ - ئادىتىنى، ھەسرەت - نادامىتىنى بايقىغۇچى، رەسىم ئارقىلىق ساقلاپ قالغۇچى، نامايان قىلغۇچى. بىر رەسىمگە رەسسامنىڭ ئىدىيەسى، روھىي ھالىتى سىڭدۈرۈلىدۇ.

بەسرى ئۇستاز نۇرنىڭ يورۇق - كۆلەڭگىلىكى بىلەن رەڭلەرنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇق مۇناسىۋىتىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ئۇستاز ماڭا جۇڭگوچە رەسساملىق ئۇسلۇبى بىلەن كلاسسىك ئۇسلۇبنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل ھالەتنى تېپىپ چىققاندەك تۇيغۇ بەردى. رەڭلەرنىڭ كەيپىيات يارىتىشى ۋايەغا يەتكەن، نۇرنىڭ ھېسسىيات ئىپادىلەش رولىدىنمۇ ياخشى پايدىلانغانىدى.

ئۇستازنىڭ رەسىملىرى ئىچىدىكى بىر توپنىڭ مەلۇم بىر پائالىيىتى تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر مېنىڭ بەكمۇ قايىللىقىمنى قوزغىدى. ھەر بىر پېرسوناژنىڭ ئولتۇرۇشى، تۇرۇشى، بېقىشى، تەبەسسۇمى ياكى پىغانى شۇ توپ ئەچىگە شۇنچىلىك مۇۋاپىق جايلاشتۇرۇلغان؛ تىككىدە ئولتۇرغان، پىغان بىلەن ئۆزىنى ئارقىغا تاشلىغان، جىممىدە كۆزلىرىنى يەرگە تىككەن، يېرىم ئېگىلىپ مۇڭغا چۆككەن... ھەر خىل قىياپەت، بىر خىل پائالىيەت، لېكىن ھەر يۈرەكتە ھەر خىل ئوت.

مەن بۇنداق رەسىملەرنى پەقەت بەسرى ئۇستازلا سىزالايدىغاندەك تۇيغۇغا كەلدىم. تۇرۇپلا ئۆزۈمنى مەڭگۈ رەسىم سىزالمايدىغاندەك، سىزغانلىرىم ئويۇنچۇق بىر نەرسىلەردەك ئۇنۇم ئىچىمگە چۈشتى.

— قىزىم، دۇنيادا ئاسان ئىش يوق، لېكىن كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنسە تەس ئىشمۇ يوق، — دېدى، ئۇستاز جىمىپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ، — ئادەمگە ئەڭ تەس بولغىنى ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىشقا ماس كېلىدىغانلىقىنى بەلىشتۇر. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئورنىنى تېپىپسىز، مەن بايقىدىم، سىزدە تەبىئىي تالانت بار ئىكەن. ئەمدى ئىستېداتىنىڭ دەۋىتى بويىچە تالانتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇشىڭىز كېرەك.

ئۇستازنىڭ ھەر بىر سۆزىنى تولۇق ئېسىمدە تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنراق بېرىپ جىممىدە تۇردۇم.

— قىزىم، رەسسامدا بىر جۈپ باللارچە كۆز بولۇش كېرەك، ئۇ بۇ جاھانغا يوشۇرۇنغان تۈرلۈك نەقىشلەرنى كۆرەلەيدۇ، بىر دەستە نۇردىن رەڭلەرنى بايقىيالايدۇ، پارچە شەيئىلەردىكى گۈزەللىك، ئاجايىباتلارنى، مەنە ۋە يۇمۇرلۇق تۈسنى ھېس قىلالايدۇ. بۇ بىر خىل تۇغما تالانت. ئەسلىدە ھەر بىر ئادەمدە ئاز بولسىمۇ تەبىئىي تالانت بولىدۇ. ئەمما نۇرغۇن ئادەمنىڭ تالانتى يىللار كەچمىشى تەرىپىدىن بېسىلىپ قالغان، خورىغان، يوقاپ كەتكەن ياكى ئاسراشقا، قېزىشقا، جانلاندۇرۇشقا ئېرىشەلمىگەن. تۇغما تالانت، ئوقۇش، تەربىيەلىنىش ئارقىلىق پەيدا بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئىنساندا تۇغما بار بولغان تالانتتۇر. ئارىمىزدىكى ئاندا - ساندا، چولپاندەك پارلاپ چىققانلار بولسا شۇ تالانتنى بايقىغان، ئىچكى ئېنېرگىيەسىنى قەيەرگە سەرپ قىلىشنى بىلگەن تەلەيلىك كىشىلەردۇر. پارچە باللار ئەسلىدە رەسسام ئىدى، پەقەت رەسساملارلا مۇشۇ باللىقنى ئاداققىچە ساقلاپ قالالايدۇ. تالانت ۋە ئادەت ئارىسىدا

ناھايىتمۇ ئىنچىكە ۋە زور پەرق بولىدۇ. سەنئەت سېزىمى بايقاش، ھۆكۈم قىلىش، كۆزىتىش، تەسەۋۋۇر ۋە ئىجادىيەت. ئىگىلەش ئىقتىدارىمىزنىڭ ھەممىسى گەرچە مەشىق ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە ئېھتىياجلىق بولسىمۇ «تەبىئىي تالانت»نىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم تەرەپ بولۇپ، بىر رەسسامنىڭ ئۆز ئۆمرىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. تالانتنى ئېتىراپ قىلىش تالانتلىق بولۇشتىنمۇ ئازابلىق، شۇڭلاشقا بۈگۈنگە قەدەر بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا ھەتتا بارماقلىرىمىز ئېشىپ قالغۇدەك بىر قانچە مۆتىۋەرنىلا بىلىپ كەلدۇق. بىر ھەقىقىي رەسسامنىڭ قەلب قاتلىمىدا تالانتنىڭ ئىشەنچىسى، ۋۇجۇدىدا ئىستىبداتنىڭ دەۋەتلىرى تولۇپ - تاشقان بولىدۇ. ۋانگوگ، پىكاسسو، شۈۋېي [1]، جۇدا [2]... قاتارلىقلار ئاشۇنداق ھەقىقىي رەسساملاردۇر. جىق سۆزلەپ قويدۇم، لېكىن بۇلار مېنىڭ رەسساملىق ئەمەلىيىتىمدە ھېس قىلغانلىرىم.

ئۇستازنىڭ ئۆزۈلدۈرمەي قىلغان يېتەكچىلىكى ماڭا ئالتە يىل كىتاب ئوقۇپ ئۆگەنگەنلىرىمدىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلدۈردى دېسەم بۇ ھەرگىز لاپ گەپ ئەمەس.

دۇنيادا ئاجىزلار، مەغلۇپلار، بىچارىلەر، تىلەمچىلەر تۈگەپ كەتمىگەنگە ئوخشاش؛ باغرى كەڭ مېھرىبان ئادەملەر، قۇياشتەك مىننەتسىز ئادەملەر، ماددىي ھەم مەنىۋى ساخاۋىتى بىلەن دۇنيانى ئىللىتىپ ياشاۋاتقان ئادەملەرمۇ كۆپ.

ئاچ قورساققا سۇ ئىچىپ كېچىلىرى ئۇخلىماي سىزغان رەسىملىرىم، يول بويى، بازار، رەستىلەردە سىزغان تېز سىزما، قىياپەت پورترېتلىرىم، يۇرتۇمىزغا بېرىپ سىزغان تەبىئىي مەنزىرە رەسىملىرىم... ئاخىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كىچىك بىر كارتىنىسى بولۇپ تونۇلاندى. بەسرى ئۇستاز ئازراق بوشاڭلىق قىلىشىمغىمۇ يول قويمايتتى. رەسىمدىكى كەيپىيات، نۇر، رەڭلەرنىڭ بىرىكىشىگىمۇ بەك يۇقىرى تەلەپ قوياتتى. «ھەممە نەرسىدە روھ بولىدۇ. روھ بولمىغان نەرسە يوققا تەڭ، سىزغانلىرىڭىزنى پەقەت بىر رەسىم دەپ قارىسىڭىز ئۇنىڭ روھىنى ئۆلتۈرگەن بولىسىز» دەيتتى. ئالتە يىلدىن كېيىن مېنىڭمۇ رەسىم كۆرگەزمەم ئېچىلدى.

سەن:

— بارىمەن، چوقۇم يېنىڭدا بولىمەن، سېنىڭ رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچقۇدەك ھالەتكە يېتىشىڭ مېنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىم، — دەپ ۋەدە بەرگەن بولدۇڭ.

تەتقىقات تۈرۈڭنىڭ مۇھىم مەزگىلى بىلەن چېقىشىپ قالغان ۋاقىت، كېلىشىڭگە ئىمكان بەرمىدى.

كۆرگەزمىدە ھەممىدىن «سەن»گە خېرىدار كۆپ چىقتى، لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇنى ساتقۇم كەلمىدى، ئۇنى سېتىش خۇددى سېنى ساتقانلىق بولىدىغاندەكلا.

«سېنىڭ ئاۋازىڭ»مۇ كۆپ ئادەمنىڭ دىققەت نەزىرىدە بولدى. مەن ئۇنىمۇ ساتمىدىم. ئۇنىڭغا ھەر قېتىم قارىغان ۋاقتىمدا مەن ئۇنىڭدىن سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلىيالايتتىم. مېنىڭ چامغۇر يۇلۇپ كىرىشىمنى ساقلاپ تۇرغان ئانامنى كۆرەلەيتتىم، مەھەللىمىزدىكى سۈزۈك ئاسماننى، توپىلىق يولنى، قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىنى، سەگۈ تېرەكلەرگە قونۇپ ئولتۇرغان قاغىلارنى؛ يەنە ئۇ رەسىمگە زادىلا سىزىلمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرەلەيتتىم. ۋاقىت ئۇ رەسىمدە مەن ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىنى ساقلاپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ رەسىمدە سېنىڭ ئاۋازىڭ بولۇپلا قالماي يەنە مېنىڭ باللىق بىلەن ياشلىق ئوتتۇرىسىدىكى ھودۇقۇشلىرىم، قىزىرىشلىرىم، تەلپۈنۈشلىرىم بار ئىدى. ئۇ رەسىمدە توختىغان ۋاقىت بار ئىدى، مەن ھاياتىمنىڭ كىچىككىنە بىر مەزگىلىنى شۇ رەسىم ئارقىلىق ساقلىۋالغانىدىم.

ھەيدەر، سېنىڭ كېلىدىغانلىقىڭ نېمىشقا مېنى خۇش قىلالمايدۇ. سېغىنىش ئاپتاپقا ئوخشايتتى، گۈل ھىدىغا ئوخشايتتى، يۇلتۇزلارنىڭ كۆزلىرىگە، بۇلبۇلنىڭ ئۈنىگە ئوخشايتتىغۇ. مەن نېمىشقا خۇش بولالمايدىغانلىقىمنى بەلەمەي ئازابلىنىۋاتىمەن. مەن ھەر نەرسەمنى يوقاتساممۇ مەيلىكى، سۆيگۈمنى يوقىتىپ قويسام بولمايتتى.

مەن سۆيگۈسىزلىكنى، مۇھەببەتسىزلىكنى ھېچ نەرسىگە ئوخشىتالمايمەن. ئۇ قۇرۇغان دەرياغا ئوخشامدىغاندۇ؟ كۆيۈپ ئۆچكەن ئوتقا ئوخشامدىغاندۇ؟ قۇياشسىز ئاسماننىڭ گاڭگىرىشىغا ئوخشامدىغاندۇ؟ گۈل شېخىدا تۈنىگەن بۇلبۇلنىڭ سەھەردىكى ئۇخلاپ قېلىشىغا ئوخشامدىغاندۇ؟ بەلكىم ئۇ سۈيى قۇرۇغان دەريادىكى بېلىققا ئوخشايدىغاندۇ، بەلكىم ساقىغان يۇلتۇزنىڭ دەقىقىلىك ھەسرىتىگە ئوخشار ياكى ھېچ نەرسىگە ئەمەس، پەقەت ئۆزىگىلا ئوخشايدىغاندۇ ياكى مېغىزى سۇغۇرۇۋېلىنغان شاكالغا ئوخشامدىكىن؟ مېنىڭ قەلبىم كەبى قۇپقۇرۇق بىر ئۆيگە ئوخشامدىكىن؟... مەن كۆپ ئىش-

لارنى چۈشەنمەيمەن. ئانام كىچىكىمدە تۇگەپ كېتىپ
دادامنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق
نازۇك مەسىلىلەرنى چۈشەنمەيدىغاندىمەن ياكى مەن
سەل دۆتمۇ؟ ئانامدىن ئايرىلىپ قالغىنىم راست، ئەمما
مەن ھەرگىزمۇ دۆت ئەمەس.

ئىنگلىزچە بىلىدىغانلىقىم شۇ كۈنلەردە مېنىڭ بىر-
دىنبىر جان بېقىش يولۇم بولغانىدى. ھەرھالدا كۇرسلار
مەندەك ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچىغا ئېھتىياجلىق، مەن بولسام
پۇلغا...

زەيتۇنەم:

— ئۆگەنگەن بىلىملىرىمىزلا مەڭگۈ بىزگە تەۋە بو-
لىدۇ، پەقەت بىلىمىمىزلا بىزنىڭ خورىماس بايلىقىمىز، —
دېگەنىدى بىر قېتىم، بۇ گەپ ماڭا ھەقىقەتنى كۆرسەت-
تى.

ھەيدەر، سېنى سېغىنىشىم قايتىپ كەلسە بولاتتى.
ئەجەبا بۇ مېنىڭ سېغىنماسلىق پەسلىممىدۇ؟ ئۆزۈمنى
يوقىتىش پەسلىممىدۇ ياكى سېنى يوقىتىش پەسلىممىدۇ؟
دۇنيا مېنىڭ كۆزۈمگە قايسى شەكىلدە كۆرۈنۈۋاتقاندۇ؟

ئادەم نېمىدېگەن ئاجىز - ھە! بىر نەرسىنى يوق
قىلىش قولىمىزدىن كەلمىگەنگە ئوخشاشلا يوق بولۇپ
بولغان نەرسىنى بار قىلىشمۇ قولىمىزدىن كەلمەيدىكەن.
سېغىنىشلىرىم پايانسىز ئىدى، شۇنىڭ بىلەن يالغۇزلۇقۇم-
نى پاراۋان قىلىپ ياشىغانىدىم. سېغىنىشلىرىمدىن ئايرى-
لىپ قېلىش مېنى ھەممە نېمەمنى يوقىتىپ قويغاندەكلا
قىلىپ قويىدى. مەندىن باشقا ئادەملەرمۇ سېغىنىشنى يىتى-
تۈرۈپ قويامدىغاندۇ؟ ئۇلارمۇ سېغىنىشسىز، سۆيگۈسىز
قالسا ئازابلىنامدىغاندۇ؟ مەن ھازىرغىچە ھېچكىمنىڭ بى-
رەر نەرسىنى «سېغىنالمىدىم» دەپ ئازابلانغىنىنى ئاڭلاپ
باقمىدىم، ئەمما سېغىنىپ ئازابلانغانلارنى كۆپ كۆرگەن-
مەن. ئاتا - ئانىسىنى، پەرزەنتلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى،
سۆيگەن يارىنى، دوست - ئەقرىبالىرىنى، يۇرتىنى سېغى-
نىپ، شۇ سېغىنىشقا تېۋىنىپ ياشايدىغانلار كۆپ ئىدى.

يۈرىكىمگە سېنى ئەسلىتىش ئۈچۈن قىلغان بارلىق
ئۇرۇنۇشلىرىم سېغىنىشىمنى قايتۇرۇپ كېلەلمىدى. يۈرى-
كىم خۇددى ھەرىكەتتىن توختاپ قالغاندەك ئېغىر -
بېسىق. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەرىكەتتىن توختاپ قالمىدى،
لېكىن سېغىنىشتىن توختاپ قالغاندەك قىلاتتى، خۇددى
ئىشلەشتىن توختىغان ماشىنىدەك.

— كۈتۈش بەك ئۇزاق داۋاملىشىپ كەتسە، نېمىنى
كۈتۈش مۇھىم بولماي قالىدۇ، — دېگەنىدى زەيتۇنەم
يەنە بىر قېتىم. مەن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېمىگەنىدىم.

كۈتۈش ھامان بىر ۋىسال پەيتى بولىدىغانلىقىغا
ئىشەنچ قىلالىغان ئادەملەرلا سەۋر بىلەن داۋاملاشتۇرا-
لايدىغان تولىمۇ مۈشكۈل بىر ئىش. بىر ئادەمنىڭ بىر-
سىنى كۈتۈشى بىلەن رەسسامنىڭ رەسىم سىزىش جەريا-
نى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، كۈتكۈچى كۈتۈش جەريانىدا ۋى-
سالنى سىزىپ چىقسا، رەسساممۇ ئۆز ئارزۇسىدىكى ۋىسا-
لىنى سىزىپ چىققۇچىدۇر.

كۈتۈش ئۈمىد، كۈتۈش ۋىسالنى ئاستا چوڭ قىلى-
دىغان سەۋرچان ئانا، كۈتۈش ئاستا خاراكتېرلىك
بېھوش دورىسى، سەن كۈتۈش داۋامىدا سەرھۇشسەنكى،
ئازابمۇ، شادلىقمۇ، ھەسرەتمۇ ھەممىسى شېرىن بولىدۇ.
مەن بارلىق مۈشكۈلچىلىكلەرنى، سەرھۇشلۇقلارنى، تا-
قەتنى تۈگىتىپ ئەمدى بولغاندا بۇ كۈتۈشنىڭ ئاخىرلى-
شىپ ۋىسالنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە قىزىقمايۋاتىمەن.
رەسسام ئۆز رەسىمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بۆلەكلىرىنى
سىزىپ پۈتتۈرۈپ قويسا ئۇنى سىزىش جەريانىدىكى
گۈزەل تۇيغۇلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، رە-
سىمنىڭ ئاخىرىنى سىزىشقا قىزىقمىغاندەك، بىر كىتابنى
ھەر كۈنى تەكرار ئوقۇپ ئاخىر ئۇنىڭ بەتلىرىنى ئاچقۇ-
سى كەلمىگەن ئادەمدەك.

ئەسلىدە ھەركىمنىڭ قەلبىنىڭ ئۆزىلا بىلىدىغان
ئىسسىق بىر يېرىدە پىنھان ساقلانغان سېغىنغۇچىلىرى
بولىدۇ. سەنمۇ مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ يورۇق دېرىزىسىدە
قۇش ئۇۋىسىدىكى ئاپپاق تۇخۇمدەك نۇر چېچىپ
تۇرغان سېغىنىشىم ئىدىڭ. ئانام بىلەن دادام ھەسرەتلىك
بىر قاراڭغۇ سېغىنىش ئىدى. ئۇلارنى ياد ئېتەتتىم، سېغى-
ناتتىم، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمدى يۈرىكىمدىن چىقىپ، كۆز
ئالدىمدا پەيدا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بۇ چىراغ يېقىل-
مايدىغان ئۆيدەك، تاڭ ئاتمايدىغان كېچىدەك، نىشانى
يوق سەپەردەك سېغىنىش ئىدى. مەن بىلەتتىم، لېكىن
يەنىلا سېغىناتتىم، مەنزىلى يوقلۇقىنى بىلسەكمۇ بەزى
يوللاردا مېڭىۋەرگىنىمىزدەك.

ئەمما سەن ئوخشىمايتتىڭ. سەن بىر مەۋجۇت سېغى-
نىش ئىدىڭ. سېنىڭ ئاپتاپتەك، گۈل ھىدىدەك، دېرى-
زەمدىكى ئاي نۇرىدەك، شامالنىڭ ئەركىلىشىدەك.
قۇياش نۇرى ئاستىدىكى رەڭگارەڭ رەڭلەردەك ھامان
پەيدا بولىدىغانلىقىڭغا ئىشىنەتتىم.

بۈگۈن مەن شۇ ئىشەنچەمنى يوقىتىپ قويدۇم، سەن ئۈچۈن تىنماي تىرىشقانىدىم، بۈگۈن شۇ تىرىشىش نىشانىمنىمۇ يىتتۈردۇم.

— ئاشىقلىق بىر كېسەللىك، — دېگەنىدى بىرسى.

— سېغىنىش ئاستا خاراكتېرلىك يۈرەك كېسىلىگە ئوخشايدۇ، قاچان قوزغىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ، — دېگەنىدى يەنە بىرسى.

ئەمىسە سېغىنماسلىق نېمە؟ ئۇمۇ بىر خىل كېسەللىكمىدۇ؟ ئۇ كېسەل يۇقامدىغاندۇ، تارقاپ كېتەمدىغاندۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولۇپلا قالسا بۇ دۇنيا بەكمۇ قورقۇنچلۇق ھالغا كېلىپ قالامدۇ. ھېچكىم ھېچكىمنى سېغىنمىدى دېگەنلىك دۇنيادا مۇھەببەت ئۆلدى دېگەنلىك بولماي نېمە؟

ئاللاھىم، بىزنى مۇھەببەتسىز دۇنياغا مەھكۇم قىلمىسۇن. سېغىنىش داۋاملاشسۇن، مۇھەببەت ئۈزۈلمىسۇن.

سېغىنىش، سېغىندۇرۇش دەل ئىنسانلىقنىڭ، ھاياتلىقنىڭ بەلگىسى. دۇنيادا مۇھەببەت بولغاچقىلا دۇنيا ھازىرقىدەك ئىللىق، ھايات شۇ قەدەر گۈزەل ئەمەسمۇ؟

ھەيدەر، ئاۋۋال سەن كەتتىڭ. ماڭا مەسلىھەتمۇ سالماي ھەممىنى پۈتتۈردۈڭ. بەلكىم مەسلىھەت سالغان بولساڭمۇ قارشى تۇرماسلىقىم؛ قوللىشىمنى بىلگەچكە مەسلىھەت سالمىغان بولغىيتتىڭ. ئوقۇش، ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش ئاخىردا بىللە ياشاش بىزنىڭ ئورتاق نىشانىمىز ئىدى.

زەيتۇنەم زاھىر بىلەن توي قىلىپ خوتەنگە كەتتى.

مەن ئەتراپىمدىكى ھەممە ئادەملەر مېنى تاشلىۋېتىش ئۈچۈنلا پەيدا بولىدىغاندەك ئويلاپ قالدىم. شۇنداق ئەمەسمۇ. ئاۋۋال ئانام، ئاندىن سەن، يەنە زەيتۇنەم... سىلەر مېنىڭ يېقىنلىرىم، دىلداشلىرىم ئىدىڭلار. كىچىكىمدىن يالغۇز چوڭ بولۇپ مەن غەلىتىمۇ ياكى باشقىلارمۇ، ئىشقىلىپ زەيتۇنەمدىن باشقا بەك كۆپ يېقىنلىرىم يوق ئىدى. يېقىن بولۇپ يۈرگەنلەرمۇ تۆت كۈندىن كېيىن ئۆزىچە قىرنى چىقىرىپ سىڭايان قاراپ قالاتتى ياكى يوقاپ كېتەتتى. بىئارام بولغىنىمنى كۆرگەن زەيتۇنەم:

— سېنى كۆرەلمەيدۇ ئۇ ئىچى تارلار. كىم سېنى بۇنداق چىرايلىق بولسۇن دەپتۇ، كىم سېنى بارچە قىزلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ يۈرگەن ھەيدەرنىڭ سۆيگۈنى بولسۇن دەپتۇ. يا سەندىن مۇكاپات ئالىمسا، سىنىپتىكى مۇكاپاتنىڭ ھەممىنى سەن ئېلىۋالساڭ، مەنمۇ ئاران چىداۋاتىمەن جۇمۇ، — دەپ كۈلۈپ كەتكەنىدى.

— كەلگەنگە كەلسىلە، كەتكەنگە ئاللاغا ئامانەت، ئۇلارنى ماي تارتىپ قايتۇ دەپ باش قاتۇرغۇدەك نەدە چولام.

— ياق، خاتا! كەلگەنگمۇ قاراپراق «كەلسىلە» دە. سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئەرزان باھالىق دەك بولمىغاندىن كېيىن ئادەمگە، ئادەمنىڭ مەقسىتىگە قاراپراق «كەلسىلە»دە. سېنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكۈڭ يەنە سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئاغرىتىدىغانلارنىڭ پايدىلىنىش قورالى بولۇپ قالمىسۇن.

زەيتۇنەم مۇشۇنداق ھەممە ئىشىمدا غېمىمنى يەيتتى. ئانىسى يوق، ئاچىسى يوق، سىڭلىسى يوق ياراتقان ئىگەم زەيتۇنەمنى ماڭا شۇنداق ئىچ كۆيەر دوست قىلىپ، مېنى تارتۇقلىغانىدى.

— سەن بارما زەيتۇنەم، زاھىر كەلسۇن، — دېدىم زەيتۇنەمنىڭ يىراققا كېتىپ قېلىشىغا چىدىماي، — ئۇ يەردە ئۆگەنگەن كەسپىڭنى يەپ بولسەن، خوتەندە كۈندە بوران چىقىپ، توپا ياغىدۇ، توپا بولۇپ كېتىسەن، سەن چوڭ شەھەردە كۆنۈپ قالغان، غېرىبسىنىسەن، — دېگەن گەپلىرىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرگەن بىلەن ئۇ زادى ئاڭلىمىدى.

— راست، خوتەنگە بارسام جاپا تارتىمەن، زاھىردىن باشقا ھېچكىمىم يوق، كۆنەلمەي قىينىلىشىم، غېرىبسىنىشىممۇ مۇمكىن. ئەمما خوتەنگە بارمىسام زاھىرسىز تېخىمۇ بەك غېرىبسىنىمەن. روھىم مەڭگۈلۈك جاپاغا سۆرگۈن بولىدۇ. مەن جىسمانىي جاپاغا چىدىيالىشىم مۇمكىن لېكىن روھىي جاپاغا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. زاھىر بىر ئەر كىشى، ئۇ ئۆزى، يۇرتىغا كەتمەي بۇ شەھەردە ياشاشنى تاللىغان بولسا ئىدى مەيلى دەيتتىم، لېكىن ئۇنى ئۆزۈم ئۈچۈن بىر نەرسىلەردىن ۋاز كەچ دېيەلمەيمەن، — دېگەنىدى، ئۇ.

— مېنى سەنمۇ يالغۇز تاشلاپ كېتەمسەن؟

— ياق، سەن يالغۇز ئەمەس، تېلېفوندا، توردا كۆرۈشۈپ تۇرىمىز. سەن بارسەن، مەنمۇ كېلىمەن، بىز تاشلاشاقمۇ تاشلىشالمايدىغانلاردىن. ھەيدەرمۇ ئەنگىلىيەدە بەك ئۇزاق تۇرماي، دوكتورلۇق ئوقۇشنى تامامىلىسىلا قايتىپ كەلسۇن. سىلەرمۇ بەك ئۇزاق سوزماي

توي قىلىڭلار. ئادەمنىڭ ھاياتى چەكلىك، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمىزنى ۋاقتىدا قىلىۋالغىنىمىز ياخشى.

ئەسلىدە ئۇ دېگەندەك سەن تېزلا قايتىپ كېلەلەگەن بولساڭ ياخشى بولاتتىكەنمۇ دەيمەن، سەن ئوقۇدۇڭ، ئوقۇشۇڭ پۈتسە يەنە ئوقۇدۇڭ.

— خىزمەت چىقىپ قالدى، ئىككى يىللا ئىشلىۋېتەي. سەنمۇ خاتىرجەم رەسىملىرىڭنى سىزىۋال، — دېدىڭ. داداڭنىڭ ئۆلۈمدە كېلەلمىگىنىڭ سېنىڭ ئاسان كېلەلمەيدىغانلىقىڭنى ماڭا بىلدۈردى.

ھەيدەر، ئەسلىدە بىز ئىشلىرىمىزنى بىرلىكتە قىلساقمۇ بولاتتىكەن. سەن قايتىپ كېلىپ ۋەتەندە ئىشلىسەڭمۇ شۇ پۇلنى تاپالايدىكەنسەن. ئۇ تەتقىقات تۈرىنى مۇشۇ يەردىمۇ تەتقىق قىلىپ، تاماملاپ چىقالايدىكەنسەن، ھەتتا ئۇ يەردىكىدىنمۇ ياخشى قىلالىشىڭ مۇمكىن ئىكەن. بىز نېمىشقا ئىزچىل ئايرىلىپ تۇرۇشنى تاللىدۇق؟ بىزنىڭ تىرىشىپ ئېرىشمەكچى بولغىنىمىز زادى نېمە ئىدى؟ بىللە تىرىشىش يالغۇز كۈرەشتىن كۆپ ئەۋزەل بولماسمىدى. مۇشۇلارنى بەك تولا ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم.

سەندەك چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققانلار، قايتىپ كەلگەنلەر، توينى قىلىپ، ئائىلىسىنى قۇرۇپ يەنە داۋاملىق ئوقۇغانلار، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغانلارمۇ بارغۇ. بىز نېمىنى ئويلىغان بولغۇيتۇق؟ سەن نېمىنى ئويلىغانتىڭ؟

زەيتۇنەم مەندەك رەسسام بولالمىدى، لېكىن رەسىم سىزىش ئارزۇسى بار باللارغا رەسىم سىزىشنى ئۆگىتىدىغان رەسىم ئوقۇتقۇچىسى بولدى. ئۇنىڭ مېنىڭكىدەك جىق سىزغان رەسىملىرى يوق، لېكىن ئىككى پارچە تىرىك رەسىم سىزدى. بىر قىز، بىر ئوغلى ئۇنىڭ ھاياتىدىن رەڭ ئالغان جانلىق رەسىملەر، مەن ئۆمۈر بويى سىزغان رەسىملىرىمنىمۇ ئۇ ئىككىسىگە تەڭ قىلالمايمەن.

ھەيدەر، سەن دوكتور بولدۇڭ، نەچچە خىل تىلنىڭ، نۇرغۇن بىلىمنىڭ ئىگىسى بولدۇڭ. پۇل تاپتىڭ، يۈز تاپتىڭ. مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان رەسسام بولدۇم، شىركىتىم بار بولدى، يەنە تەكلىپلىك خىزمىتىمۇ بار. دەپ باقە، بىزنىڭ ھازىر نېمىمىز كەم، نېمىمىز بار؟ مەن ھەتتا ساڭا بولغان سۆيگۈمنىمۇ بۇ ئۇزۇن يىللىق جاپا-مۇشەققىتىم ئارىسىدا يىتتۈرۈپ قويۇپتىمەن ئەمەسمۇ. بىز ئۆزىمىزگە تەۋە ئەڭ مۇھىم، ئەڭ مۇقەددەس نەرسىمىزنى يوقىتىپ قويۇپ ئېرىشكەنلىرىمىز بىزگە ئەمدى نېمە بېرەر؟ مەن ئۆزۈمنى ھازىر قارىسا ھەممە نەرسىسى تولۇق، لېكىن ھېچنېمىسى يوق ئادەمدەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

شۇنداق ئېزىلىپ ئويغىنىپتىمەن. كاشكى، مۇشۇنداق سەھەرلەردە باللارنىڭ چۇرۇقلاپ گەپلەشكەن ئاۋازىدىن ئويغانسا كىشى.

بىر قەۋەت قارا ئىسنىڭ ئاستىدا ئەسلي رەڭگىنى بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن ماشىنامغا قاراپ ئىچىم پۇشتى. شەھىرىمىزنىڭ «سۈزۈك ئاسمان» پىلانى ئەمەلگە ئاشتى. لېكىن بۇ يەنە نەدىن كەلگەن ئىسلار؟ يول بويىدىكى زىننەت دەرەخلىرىگىمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ. يا پۇتلىرىنى ئۆزىتىپ يىلتىزلىرىنى ئازادە قويۇپ بەرگەدەك زېمىن ياكى قېنىپقىنە تويۇنغۇدەك سۇ يوق، شامالمۇ ساپ، يېنىك ئېپسىلىرىنى ئۇلارغا بېرەلمەيدۇ. نەچچە يىلدىن كېيىن كۆرسەڭمۇ يا ئۆسمىگەن، يا قۇرۇپ قالمىغان. بىز ئادەملەر ئۆزىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلى خالىغان ھەممە ئىشلارنى قىلىدىكەنمىز. دەرەخلەرنى تاغلىرىدىن، ئورمانلىرىدىن ئېلىپ كېلىپ شەھەرگە قويىمىز، تۇپرىقىمىز، كىلىماتىمىز ماس كېلەمدۇ-كەلمەمدۇ كارىمىز يوق، بىزگە ھۇزۇر، شەھەرگە زىننەت بەرسىلا مەيلى دەيدىكەنمىز. قۇشلارنى ئاۋازى چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇپ قەپەسلەردە باقىمىز. يەنە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ياۋايىلىقىنى يوقىتىپ، كۆندۈرۈش بىزگە ئالاھىدە بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئاشۇ ھايۋاننىڭ ئورنىدا مەن بولسام قانداق قىلاتتىم دەپ ئويلىماي تاماشا كۆرۈپ كۈلۈپ ئولتۇرىدىكەنمىز. قامچا بىلەن تاماق ئۇ بىچارىلەرنى ئاخىر ئىگىسى قانداق كۆندۈرسە شۇنداق ئۇسسۇل ئوينايدىغان ھالەتكە ئەكىلىدىكەن. ئەسلىدە ھەممە نەرسە ئۆز قانۇنىيىتى بىلەن سۆيۈملۈك ئەمەسمۇ؟!

ئاچچىق تۈيغۇلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ماشىننى قوزغاتتىم. سوغۇقتا ئۇ ئىسنى سۈرتمەن دېسەم قولۇم مۇزلاپ كېتىدۇ. ھاۋا تېخى ھېلىقىدەك قوغۇشۇن رەڭ. كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىمىغاچقا كەيپىياتىممۇ ھاۋادەكلا تۇتۇلۇپ بولدى. بەلكىم تۇتۇق ھاۋاغا قاراپ تۇتۇلغاندۇ ياكى ئۆيدىنلا تۇتۇلۇپ چىققان بولغىيتىم، ئىشقىلىپ ئوسال بىر ئەھۋالدامەن.

شەھەردە ماشىنا ھەيدەپ كوچىغا چىقساملا يۈرىكىم سىقىلىدۇ. خىيالىمغا مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇپ قېلىۋاتقان، يۈرەك قان تومۇرىغا كۆۋرۈك، تىرەك سالدۇرۇۋاتقان ئادەملەر كېلىدۇ. بۇ يوللارمۇ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قان تومۇرلىرىدەك سىقىلغان، تارايغان، توسۇلغان. ھامان بىر كۈنى بۇ يوللارنىڭمۇ بىر يەرلىرى يېرىلىپ جاھاننىڭ نەلىرىگىدۇر قان چۈشۈپ پالەچلىنىپ قالىدىغاندەك، نەلىرىدۇر توسۇلۇپ قېلىپ ھەرىكەتتىن توختاپ كېتىدىغاندەك بىئارام بولىمەن.

بەزى كۈنلىرى ئۆزۈمچە قىلالايدىغان ئىشلىرىمنىڭ، ئۆگەنگەن تىللىرىمنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئورنۇمدىن تۇرىمەن. بۈگۈن دەل شۇنداق بوپتۇ. ماشىنىمنى خۇددى يېڭى ئۆگەنگەن ئادەمدەك جىددىيلىشىپ، تەمتىرەپ ئاران قوزغىتىپ يولغا چىقتىم.

18-دېكابىر قاچان؟ سېنىڭ بارىمەن دېگەن گېپىڭ مېنى خۇش قىلالمىغاندىن سىرت، ئىشلىرىم ئاقماسلا بولدى. كاللامدا شۇ خىيال، نېمىشقا ھەيدەرنى سېغىنمايمەن؟ نەدە يوقاتتىم؟ قاچان يوقاتتىم؟

قەلبىم ئوغرى كىرگەن ئۆيدەك قۇپقۇرۇق.

بۇلتۇر ھېچكىمىم قالمىغان يېزىمىزغا باردىم. بىرەر كىم كېلىپ «مەممەت ياغاچچىنىڭ قىزىمۇسىز؟ نۇر ئەزىز قىزىم، چوپچوڭلا بولۇپ كېتىپسىزغۇ!» دەمدىكىن دەپ بازاردا بىر-ئىككى سائەت تۇرسام ھېچكىممۇ مېنى تونۇمىدى، ھېچكىممۇ ماڭا گەپ قىلمىدى. ياش قىزلار كىيىملىرىمگە قىزىقسىنىپ قارىغاندىن باشقا، بىرەركىم سەپسېلىپمۇ قويمىدى، كىچىك ۋاقتلىرىمدا مەنمۇ ھەممە ئادەمنى تونۇيتتۇم، ھەم باشقىلارمۇ مېنى تونۇيتتى.

كۆڭلۈمنىڭ قانچىلىك يېرىم بولغىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باق.

ھازىر بىز يۇرتنى تاشلىدۇقمۇ ياكى يۇرت بىزنى تاشلىدىمۇ ئىشقىلىپ بىر ياتلىشىش ئارىمىزدا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. مەن ئۇ بوشلۇقنى يوقاتماقچى بولدۇم. لېكىن قانداق يوقىتىمەن؟ كاشكى، دادامنىڭ بارىدا كېلىپ يېنىدا تۇرغان بولسام. كاشكى، بىرەر ۋاق تامىقىنى ئېتىپ، كىرلىرىنى يۇيۇپ بەرگەن بولسام، كاشكى، بىرەر ئاخشام بولسىمۇ يالغۇزلۇقىنى چاندۇرماي ھەمراھ بولغان بولسام... رەسىمنى نەدىلا سىزسام بولاتتى. بەلكىم دادامنىڭ يېنىدا تېخىمۇ ياخشى رەسىملەرنى سىزىپ چىقار بولغىيتىم. دادام ئوقۇمىغان بىلەن قۇلىقىدىن پىشقان بىلىمدان ئادەم ئىدى. ياغاچچىلىقتا ئۇستا، تونۇلغان ھۈنەرۋەن ئىدى، دادام ياسىغان ئۆيلەر ھېلىمۇ خەلقنىڭ ئاغزىدا ھۆرمەت بىلەن تەرىپلىنىدۇ.

رەسساملىق بىلەن ياغاچچىلىقنىڭ نېمە پەرقى، ھەر ئىككىسى ئىجادىيەتقۇ؟ دادام مېنى ئادەم بولۇشقا يېتەكلىيەلىگەنىكەن ئۇنىڭ رەسساملىقىمۇ يېتەكلىيەلەيدىغانلىقىدىن گۇمان قىلمايمەن.

ھارۋىدا ماڭغاچ، ھارۋىكەش بوۋايدىن دادامنى تونۇمدىكىن دەپ سورىسام، ئۇ كىشى دادامنى بىلىدىكەن، شۇنچىلىك خۇش بولدۇم.

— سۆسەدىكى مەممەت ياغاچچىنى دەمىلا، خانىم؟ رەھمەتلىك، يالغۇز قىزىنى ئۆگەيلەتمەي باقىمەن دەپ، ئۆيلەنمەي ئالەمدىن كەتكەن. سىلى شۇ قىزىمۇ؟

ئۇ ئادەم ماڭا سىڭار كۆزىدە قاراپ قويۇپ ھارۋىسىنى ھەيدەۋاتاتتى. كىچىك ۋاقتىمىزدا داداممۇ مۇشۇنداق ئېشەك قوشۇلغان ھارۋىمىزغا ئانامنى، مېنى چىقىرىپ بازارغا ئېلىپ باراتتى. بازاردىن لەڭپۇڭ، سامسا ئېلىپ بېرەتتى. مەن دادام ياسىغان نەرسىلىرىنى ساتىدىغان دۇكاندا، دادامنىڭ يېنىدا قېلىپ دادامنىڭ سودا قىلىشىنى، سودىدا كېلىشكەندە كىشىلەرنىڭ قولىنى قانداق سىقىشىپ سودىنى بېكىتىدىغانلىقىنى، «بەرىكەت تاپ» دەپ دەسلەپ قىلغان پۇلنى يەرگە تاشلاپ تۇپراقتا بىر بۇلاپ ئاندىن يانچۇقىغا سېلىشلىرىنى كۆرۈشكە ئامراق ئىدىم. شۇ چاغلاردا ئۇ بازارنى دۇنيانىڭ ھەممىسى مۇشۇ دەپ بىلەتتىم. لېكىن ھازىرمۇ دۇنيانىڭ مەركىزى، ئەڭ قىممەتلىك يېرى يەنە شۇ يېزا ئىكەن دەپ ئويلىدىم، چۈنكى، قەلبىمدە ئۇنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بىر خاتىرە يوق ئىدى.

ھەر ئىككىمىز دېھقاننىڭ بالىلىرى بولغاچقا ئالىي مەكتەپتىمۇ جاپادا ئوقۇغاندۇق. سەن كەتكەندىن كېيىن ئوقۇغان، ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىممۇ ئاجايىپ جاپا ئىچىدە ئۆتتۈپتۇ. بىر قىزنىڭ ئۆزى يالغۇز بىر ئىش قىلمىقىنىڭ قانچىلىك تەسلىكىنى سەن بىلمەيسەن. شۇڭا داۋاملىق ماڭا:

— ئوقۇ، رەسىم سىز، سېنى داڭلىق رەسساملار قاتارىدا كۆرگۈم بار. سەن چوقۇم قىلالايسەن. سەندىن پەخىرلىنىمەن، سەن بىلەن غۇرۇرلىنىمەن، — دەپلا تۇردۇڭ.

بۇ نەقەدەر ئېغىر ۋەزىپە! يېگانە، بىر قىلسىز، بىر

يۈگۈسىز بىر قىز ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر تەلەپ - ھە! كاشكى، قانداق ئوقۇۋاتىسەن؟ قانداق تۇرۇۋاتىسەن؟ جاپا تارتىۋاتامسەن؟ نېمە كۈن كۆرۈۋاتىسەن دەپمۇ سوراپ قويغان بولساڭ.

ھەيدەر، مەن، ھازىرقى نەتىجىسى چىققان، مېنى ئەزىز قىلغان بارلىق ئىشلىرىمنى سەن ئۈچۈن قىلدىم دېسەم ئىشىنەمسەن؟ سېنى سۆيگىنىم ئۈچۈن؛ سېنىڭ لەۋزىڭنى شۇنچىلىك چوڭ بىلدىم دېسەم ئىشىنەمسەن؟

ئادەم بەزىدە بىر ئىشلارنى ئۆزىمۇ بىلىپ - بىلمەي قىلىپ كېتىدىكەن، بىلىپ - بىلمەي ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرۈپ، ئازابلارغا چىداپ كېتىدىكەن. كېيىن كەينىگە قارىغان ۋاقتىدا «قانداقمۇ چىدىغاندىمەن - ھە!» دەپ ئۆزىگە ئىچى ئاغرىپ قالىدىكەن. مېنىڭمۇ شۇنداق ئۆزۈمگە ئىچىم ئاغرىيدۇ بەزىدە. لېكىن قېنى ئۇ ماڭا كۈچ، غەيرەت بەرگەن سۆيگۈم؟ باغرىم پارە - پارە ئىكەن ئەسلىدە. يۈرىكىم سوقۇپ تۇرۇپ سېسىپ بولۇپتۇ. يۈرەك دېگەن بىر پارچە گۆش، لېكىن ئۇ شۇنداق بىچارە بىر پارچە گۆش. بىز بارچە ئازابنى، قايغۇنى، غەمنى، تەشۋىشنى يۈكلەپ قويساقمۇ غىڭ قىلماي سوقۇپ تۇرىدىغان؛ بىزگە ھاياتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ بېرىدىغان مۇقەددەس گۆش.

«سېنىڭ ئاۋازىڭ»غا شۇنداق كۆپ چەت ئەللىكلەر، ئىچكىرىدىكى بەزى رەسىم ئاشىقلىرى خېرىدارلىق قىلىشتى. باھاسىمۇ شۇنداق يۇقىرى. لېكىن مەن ئۇنى ساتمىدىم. مەن ئۇنى قانداق ساتالايمەن. بەزى كىشىلەر «ساتمايدىغان ئادەم نېمە قىلىدۇ رەسىم سىزىپ» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر «بەلكىم تېخىمۇ يۇقىرى باھاغا چىقامدىكى دەۋاتقاندۇ» دېيىشتى. لېكىن ئۇلار نەدىن بىلسۇن بۇنىڭ «سېنىڭ ئاۋازىڭ» ئىكەنلىكىنى. نەدىن بىلسۇن مېنىڭ ئىككى يىلدا جېنىم تۈگەپ بولغۇدەك كۆچەپ يۈرۈپ ئاران بۇ ئاۋازنى سىزىپ چىققىنىمنى. مەۋجۇت نەرسىلەرنى سىزىشمۇ ئاسان ئەمەس تۇرسا، مەۋجۇت بىر شەكلى يوق ئاۋازىڭنى سىزىپ چىقىشىم ئاسانمۇ؟

— نۇرئەزىز!

سېنىڭ 17 يىل ئاۋۋالقى مۇشۇ ئاۋازىڭنى مەن توپتوغرا ئىككى يىل سىزدىم. ناھايىت، ئاخىر ھەقىقەتەن سىزىپ چىقالدىم. مەن ئاشۇ رەسىمنى سىزىۋاتقان شۇ يىللاردا سەن ئىسمىمنى چاقىرىپ باقمىغىلىمۇ كۆپ زامان بولغانىدى. سەن تېلېفون قىلساڭمۇ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» دەپلا باشلايتتىڭكى بىر ئېغىز «نۇرئەزىز» دېمەيتتىڭ. مەن شۇ تاۋۇشقا زار بولغاندىم. بىلمەيسەن، ئەسلىدە سەن ئەمەس، ھېچكىم مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ باقمايتتى. كۇرستىكى باللار «مۇئەللىم» دېيىشەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ شەھەردە ئىسمىمنى چاقىرغۇدەك كىمىم بار ئىدى مېنىڭ؟

بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى ھېچكىمنىڭ چاقىرماسلىقى ئۇنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىدىن دېرەكمۇ؟ نۇرغۇن ئادەملىرىمىز بار، ئۆلۈپ كەتكىلى 1000 يىللارچە بولسامۇ بىز يەنىلا ئىسمىنى يادلاپ يۈرۈۋاتقان. لېكىن مەندىن ئىبارەت بىر ھايات جاننىڭ ئىسمىنى ھېچكىم چاقىرمايتتى.

«نۇر ئەزىز» دەپ ئىسمىمنى بىرەرسىنىڭ چاقىرىپ قېلىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىپ، ھېچكىمنىڭ چاقىرىشىغا مۇيەسسەر بولالماي، ئاخىر زەيتۇنەمگە تېلېفون قىلىپ:

— بىر قېتىم ئىسمىمنى چاقىرىپ قويغىن، — دېسەم، ئۇ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن:

— نۇرئەزىز، كەچۈرگىن. دەسلەپتە سۇلتان ئاغرىپ قالدى كېسەلخانىدا ياتقۇزۇپ شۇنىڭ بىلەنلا بولۇپ كېتىپتىمەن، كەينىدىن سۈبىكە ئاغرىپ قالدى، ئۇنى داۋالتىمىز دەپ خۇددى دوختۇرخانىدا ئۆي تۇتقاندەك دوختۇرخانىدىن چىقالماي يۈرۈپ سەن بىلەن شۇنچە ئۇزاق كۆرۈشمەپتىمەن. مېنى كەچۈر، — دېگەن ئىدى.

«سېنىڭ ئاۋازىڭ»نى شۇ كۈنلەردە سىزغاندىم. سىزىۋاتقىنىم سېنىڭ ئاۋازىڭ ئىدى. يۈرىكىمدىكى سىلكىنىشنى، تەۋرىنىشنى، ھاياجاننى، ئۇمىدنى چىقىرالماي كېچە - كېچە ئاشۇ ئاۋازنى خىيال قىلاتتىم، تۇيغۇمدا تۈمەن مىڭ قېتىملاپ ئاڭلايتتىم.

ئۇ بىر ئەتىگەن ئىدى. بۇلۇتلار تېخى ئويغانمىغان، قۇياش قىزغۇچ ھەم ئىسسىق نۇرلىرىنى يوپۇرماقلار ئارىسىغا قويۇپ بەرگەن بىر ئەتىگەن ئىدى. مەن ئۆينىڭ كەينىدىكى ئېتىزلىقتىن چامغۇر يۇلۇپ كىرىۋاتاتتىم. سەن «نۇرئەزىز!...» دەپ چاقىرغاندا مەن يېرىم قايرىلىپ، سۆگەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى كۈلۈپ تۇرغان جامالىڭنى كۆرگەنىدىم. مەپتۇنكار ھەم ئادەمنى ۋەيران قىلىدىغان ئۇ سۆيۈملۈك ئاۋازنى مەن شۇ كۈنى ئاڭلىغانىدىم.

توپىلىق يولدىكى، سەگۈ تېرەكنىڭ سايىسىدە كېتى-

ۋاتقان بىر قىزنىڭ سېرىق كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرى شامالدا ئۇچۇپ تۇرغان، بېلىگە چۈشكەن چاچلىرى شامالدا كۆڭلىكىگە ماس ئۇچقان، قولىدا ئىككى باش چامغۇرنى كۆكىدىن تۇتقان؛ چۆچۈپ كەينىگە يېرىم قايرىلغان، كۆزلىرىدە يېتىرقاش ئارىلىشىپ كەتكەن تەلپۈنۈش، يۈزلىرىدە هال رەڭ هايا جىلۋە قىلغان رەسىم. مانا بۇ سېنىڭ ئاۋازىڭ. ئاۋاز كۆرگىلى، تۇتقىلى، سۆيگىلى بولمايدىغان؛ لېكىن ئاۋاز پەردىلىرى ئارقىلىق تارقىلىپ قۇلاق پەردىلىرىگە تېگىپ يۈرەككە يېتىپ بارىدىغان مەلۇم بىر سادا. ئاشۇ كۆرۈنمەس سادا كۆرگىلى بولىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەردىنمۇ قۇدرەتلىك بولىدىكەن بەزىدە. مەن كۆيۈپ تۇرىدىغان قارىچۇغا كۆزلىرىڭنى كۆرگەن، لېكىن ۋەيران بولمىغان، ئۇنىڭدىكى يالقۇندىن قانداق ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشنى بىلگەنىدىم، ئەمما ئاۋازىڭنىڭ سېھرى مېنى توختىتىپ قويالىغانىدى.

مەن سېنىڭ شۇ چاغدىكى ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىدا تۇرۇپ چاقىرغان ئاۋازىڭنى مۇشۇنداق سىزىپ چىقتىم. شۇ ئاۋازغا 17 يىل بوپتۇ. هەر زامان قۇلىقىمدا؛ هەر زامان ئەسلىسەم يېڭىلا ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇلاردا تىترەيمەن.

2-سان ژۇرنالغا بېرىدىغان ماقالىلەرنى قايتا كۆرۈشۈم كېرەك ئىدى.

مۇشۇ، بىر ئىشنى قىلالمايدىغان ئادەملەرنىڭ يۈرەكلىك هالدا «قىلالمايمەن» دېيىشىمۇ بىر ئالىيجانابلىق ئىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم. يازالمايدىغان ئادەم مەن يازالمايمەن دېمەي؛ ئەمدى ئۇ ئاپتورنىڭ يازغان ماقالىسى پەقەت ياخشى چىقماپتۇ. زىيارەت قىلىنغان ئايالنىڭ ئىگىلىك تىكلەش جەريانى ئەگەر يازالىسا بىر رومانغا ماتېرىيال ئىدى. بۇ كىشى ماقالىنى شۇنچىلىك ناچار يېزىپتۇكى خەۋەرچىلىكمۇ ۋەزنى يوق، ماقالىگە قايتا ئىشلەش ماقالە يېزىشتىنمۇ جاپالىق.

بۇ ژۇرنالدا تەكلىپ بىلەن ئىشلىشىمنى سەن ياقتۇرمىغانىدىڭ.

— رەسمىڭنى سىز، هازىر سەن ئۇلار بېرىدىغان ئىش هەققىگە ئېھتىياجلىق بولمىغاندىن كېيىن، — دېگەنىدىڭ كېسىپلا.

كاشكى، «سەن قانداق ئويلاۋاتىسەن؟» دەپ سوراپ قويساڭمۇ بولغان. ئۇلار نېمىشقا بىر رەسسامنى بىر ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىكىگە تەكلىپ قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ باقساڭ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

مەن بۇ خىزمەتنى ياقتۇرىمەن. زىيارەت داۋامىدا سۆهبەتلىشىدىغان، ئۇتۇق قازانغان كىشىلىرىمىزنىڭ ئىدىيەسى بىلەن ئۇچرىشىش مېنى ئەڭ هاياجانغا سالىدۇ. ئۇلارنىڭ كەچمىشلىرى، جاپاغا چىداش روهى، دىتى، پەمى، ئىرادىسى مېنى ئىختىيارسىز تەسكىن ئېيتقۇزىدۇ، ئۇلاردىن زور ئىلھام، مەدەتلەرنى ئالىمەن، شۇنىڭدىن كېيىن خېلى كۈنلەرگىچە ئۆزۈم ئۈستىدە ئويلىنىمەن.

ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى، قەيسەرلىكى، تەۋەككۇلچىلىكلىرى، مۇۋەپپەقىيىتىدىن كۆپرەك ئادەمنىڭ ئىلھاملىنىشىنى، كۆپرەك ئادەمنى قوزغىتىش رولى بار ماقالىلەرنىڭ چىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىمەن.

ئارىلاپ يېزىپ تۇرغان ماقالىلىرىم بىلەن شىركىتىمىزنىڭ نەتىجىلىرى «سودىگەر» ژۇرنىلىدا ئىشلىشىمگە سەۋەب بولۇپ قالدى. ئۇلار مېنى سودىگەر، ماقالىلىرىنىڭ تەسىرى بار يازغۇچى دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ماقالىلىرىم مېنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان هاسىلاتلىرىم. جەمئىيەتتىن، ئادەملەردىن، هاياتتىن كۈتىدىغانلىرىم. هەممىمىز بىر زاماندا ياشاۋاتقان ئادەم بولغاندىن كېيىن، بەلكىم ئارزۇلايدىغان، تەلپۈنىدىغان، بىزار بولىدىغان، ئازابلىنىدىغان، كۈتىدىغان، نەرسىلىرىمىز ئوخشاشمىكىن، شۇڭا، بەلكىم ماقالىلىرىم ئۇلارنىڭ ئۇسسۇغان يېرىگە يېقىنراق بارغاندۇ. «نۇر» شىركىتى مېنىڭ قۇرۇپ چىققان شىركىتىم. شىركىتىم نوقۇل پايدا ئېلىشنىلا مەقسەت قىلغان شىركەت ئەمەس. ئاز مىقداردىكى پايدا ئېلىش مەقستى بىلەن ياشلارنى يېتەكلەشنى، قوللاشنى، بىرلىكتە ئىلگىرىلەشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان بىر بىرلەشمە ئورگان. ئاغزىمدا بۇ گەپلەرنى ساڭا بىردەمدە دەپ بېرىپ بولغان بىلەن بۇنى خىيالدىن رېئاللىققا ئېلىپ كەلگۈچە نۇرغۇن جاپالىق جەريانلار ئۆتتى، هەتتا ۋاز كەچمەكچىمۇ بولدۇم، يەنە ئورنۇمدىن تۇردۇم.

ئاياللارنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى ئۈچۈن جەمئىيەتتە، سىياسەتتە، شۇنداق ياخشى ۋەدىلەر بېرىلگەن بىلەن سەن شۇ ياخشى ئىشلارغا ئېرىشمەك مەقسىتىگە كەلگەن ۋاقتىڭدا، ئۇنىڭغا ئېرىشمەك يولىدا نۇرغۇن ئاچچىق خاتىرىلەر، تۆكۈشكە تېگىشلىك بولمىغان كۆز ياشلار، يۇتۇشقا زادى بولمايدىغان قىرتاق ئازابلارغا دۇچار بولىدىكەنسەن.

شىركەت دېسەم ئىشلىك - تۆگلۈكلىرىدىن پۇل يوپۇ-

رۇلۇپ كىرىدىغان بىرەر چوڭ كارخانىمكىن دەپمۇ ئويلاپ قالما.

ئۇ مېنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىمدىكىدەك يېڭىدىن رەسىم سىزىشقا كىرىشكەن، بىلمەي، يولى، پۇلى چەكلىك ياشلارنىڭ جەمگاھى. ئۇلارغا رەسىملىرىنى سېتىشىپ بېرىمىز، كورگەزمە ئاچماقچى بولسا ياردەملىشىپ يولىنى مېڭىپ، ئىشلىرىنى يۇرۇشتۇرۇشۇپ بېرىمىز، نەشر قىلدۇرماقچى بولغان ئەسەرلىرىنى، نەشرى ئەپكارلار بىلەن ئالاقىلىشىپ نەشر قىلدۇرۇپ بېرىمىز. بۇنى سەن شىركەت دېگەندىن كۆرە رەسساملار كارىدورى ياكى رەسساملار سالونى دەپ چۈشەنسەڭ ياخشىراق. بۇ يەرگە ھەپتىدە بىر كۈن ھەممىمىز يىغىلىپ ئىككى سائەت ئەتراپىدا پىكىر ئالماشتۇرىمىز. ئۇچراتقان يېڭىلىقلىرىمىز، ھازىرقى زامان رەسساملىق ئېقىملىرى، دۇنيادىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئۈستىدە، كۈسەندىكى تاشكىمىر سەنئىتى ۋە شۇنىڭدەك ياۋروپا ئانتىك مەدەنىيەت ھادىسىسى قاتارلىق رەسساملىققا مۇناسىۋەتلىك پاراڭلارنى قىلىشىمىز. ھەركىمنىڭ ئايرىم رەسىم ئۆيى بار، رەسىملىرى شۇ يەرگە ئېسىقلىق، ئارىلاپ خېرىدارلار كېلىپ كۆرۈپ يارىغانلىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ، بۇ مۇشۇنداق ئاددىيلا بىر شىركەت ياكى سالون.

بەسرى ئۇستازنىڭ ماڭا بەرگەن ياردىمى دائىم قەلبىمنى لاۋۇلدىتىپ كۆيدۈرۈپ تۇرىدۇ. مېنىڭمۇ نۇرغۇن ئادەمگە شۇنداق ئىسسىق مېھىر بەرگۈم كېلىدۇ. ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ قەلبىڭدە ساقلىنىپ قالىدىكەن. سەن ياقتۇر ياكى ياقتۇرما ئۇلار شۇ يەردە ساقلىنىدىكەن، سەن خالا ياكى خالىما ئۇلار تۇرۇپ - تۇرۇپ سېنىڭ خاتىرەڭدىن چىقىپ ئېسىڭگە كىرىپ كېلىدىكەندە سېنى ھەر خىل ئويلارغا باشلايدىكەن.

سەن ئوقۇشقا كەتكەندە سەندىن پەخىرلەنگەنىدىم. بەزىدە ئۆزۈمچە سېنى ئۆزىدەك دوكتورلۇقتا ئوقۇيدىغان باشقا بىرەر قىزنى تېپىۋالارمۇ، قايتىپ كەلمەي شۇ يەردە يەرلىنىپ، ئۆيلىنىپ قالارمۇ دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالاتتىم. لېكىن تىرىكچىلىك غەملىرى تېزلا ئۇ تەشۋىشلەرگە ئورۇن بەرمەي ئۆز ھەلەكچىلىكىمگە كىرىپ كېتەتتىم. ئىككى يىل، ئۈچ يىل، تۆت يىل، ھەتتا بەش يىل... شۇنىڭدىن كېيىن پەخىرلەنمەس بولۇپ قاپتىمەن.

ئەسلىدە يىراقتىكى سەن قەلب بۇلۇڭىمنىڭ ئۈزۈلمەس سۆيى، ھاياتىمنىڭ رەڭگى. خوتەندىكى زەيتۇنەم قوشنامنىڭ ئۆيىدە يانغان چىراغ نۇرىدەك ماڭا ئۈمىد بېرىپ، مەدەت بولغان ئىكەنسىلەر. سۇ بىلەن نۇردىن ئايرىلمىغان ئادەم خېلى نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدىكەن.

قەلبىمدىكى قۇش تۇخۇمى ئاپپاق ۋە نۇرلۇق ئىدى، سېغىنىش ئاپتاپتەك ئىسسىق، گۈل ھىدىدەك خۇش پۇراق، ھەم ئاسماندەك بىپايان ئىدى.

ئۇ ئاسمىنىم سۇندىمۇ، نۇرۇم ئۆچتىمۇ؟ مەن بىلمىدىم.

راھىلە ئېسىڭدە بارمۇ؟ ھېلىقى چىرايلىق ساۋاقدىشىم. بۇگۈن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويى. توي دېگەن گەپنى ئاڭلىساملا پەقەت بارغۇم كەلمەيدۇ. ساۋاقداشلىرىم بىلەنمۇ ئارىمىز يىراقلاپ كەتكەندەك ھېس قىلىمەن. ئۇلارنىڭ شۇنچە سۆيۈملۈكلۈككە قارىماي يېنىدا زادىلا ئازادە ئولتۇرالمايمەن. كىيىۋالغان تار، كالتە كىيىملىرىمنىمۇ، قېشىمنى باستۇرۇپ كېسىپ، قىسقا ياستىۋالغان چېچىمنىمۇ يېشىمنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. بىرەرسىنىڭ «يولدىشىڭىز كىم، بالىڭىز نەچچە؟» دەپ سوراپ قېلىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقىمەن. نېمە دەيمەن؟ «تېخى توي قىلمىدىم، مەن تېخى قىز» دېيىش كۆلكىلىك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالدى ماڭا. كۆزلىرىمگە ھەر قانچە قىممەت باھالىق گىرىم بۇيۇملىرىنى سۈرتسەممۇ، پەردازخانىلاردا سائەتلەپ يېتىپ ئۇۋۇلاتقان، تۈزلەتكەن، سىيلىقلاتقان بىلەنمۇ قورۇقلىرىم يەنىلا يىڭنىنىڭ تېلىدەك دانە - دانە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئانام:

— قېرى قورۇق يوقىلىدۇ، ئاچ قورۇق يوقالمايدۇ، — دەيتتى. بەلكىم بۇ گەپ راستتۇر.

بەش ياكى ئالتە يىل بۇرۇنلاردا سورىغانلارغا پەخىرلىنىپ تۇرۇپ:

— لايىقىم ئەنگلىيىدە ئوقۇۋاتىدۇ، قايتىپ كەلسىلا توي قىلىمىز، — دەيتتىم.

— ئەجەب تەلىيىڭىز بار ئىكەن، دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتامدۇ، قاچان كېلىدۇ؟

— دوكتورلۇقتا ئوقۇغان، ئوقۇشى پۈتۈپ بولدى، قولىدىكى تەتقىقات تۈگىسىلا قايتىپ كېلىدۇ.

— كۆز تەگمىسۇن، بەك تەلىيىڭىز بار ئىكەن.

مۇشۇنداق پاراڭلار ئىدى. لېكىن ھازىر ئۇ گەپنى

دەۋەرگىلى بولماي قالدى، مەنمۇ تولا دەپ زېرىكىپ كەتتىم. ئاڭلىغۇچىلارمۇ ماڭا خۇددى مايمۇن ئويۇناتقۇچىغا قارىغاندەك بىر خىل نەزەردە قارايدىغان بولۇپ قالدى. بەلكىم نۇرغۇنلار مېنى كۆرسىلا ئۇ گەپلەرنى بىر - بىرىگە دەپ بېرىدىغاندۇ. كەينىمدىن «شۇنداق دەپ ئۆزىنى ئالداپ يۈرۈپ قېرىپ كەتتى، مانا!» دېيىشەر ياكى باشقا بىر گەپلەرنى دەر ئىشقىلىپ كەينىمدە؛ مەن ۋە مېنىڭ يېشىم، تېخىچە قايتىپ كەلمىگەن لايىقىم، تېخىچە بولۇپ بولالمىغان تويۇم توغرۇلۇق گەپ بولىدىغانلىقى ئېنىق.

رەيھانە تېلېفون قىلدى. ھەر قېتىم ساۋاقداشلارنىڭ ئىچىدە بىرەر ئىش بولسا مۇشۇ دوستۇمنىڭ تېلېفون قىلىپ قويۇشى ئىچىمنى ئىسسىق قىلىدۇ، ئۆزۈمنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇلغاندەك تۇيغۇدىن يىراق قىلىپ كۆڭلۈم خۇش بولۇپ قالىمەن.

ھازىرقى تويلار سەن كۆرگەن، مەن كۆرگەن، ئانام كۆرگەن، ئاتام كۆرگەن تويلار ئەمەس. تويغا قاتناشقان ھەر بىر ئايال شۇنچىلىك چىرايلىق بولۇپ كېتىشىدۇ. مەخسۇس تىكلىگەن مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيىپ، سائەتلەپ گىرىم قىلدۇرۇپ مەلىكىلەردەك لەرزان قەدەملىرى بىلەن ئاستا مېڭىپ توي ئىگىسىنىڭ ھەيۋىتىگە ھەيۋەت قوشىدۇ.

تويدا ئادەم قانچىلىك كۆپ، تويىنىڭ قانچىلىك ھەشەمەتلىك بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن زادى ئازادە بولالمايمەن. بىردەمدىلا غېرىبسىنىپ كېتىمەن، بىردەمدىلا زېرىكىپ كېتىمەن، بىردەمدىلا ئۆيۈمگە قايتىپ ھۇجرامدىكى كەڭرى كارىۋىتىمدا سوزۇلۇپ يېتىپ خىيال سۈرگۈم كېلىدۇ.

— نۇرئەزىز، سېنى مىليونېر بوپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇقيا ئاداش، — دېدى، پاتىمە تۇيۇقسىزلا، — پۇل تاپقاندا ئۇنداق بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىۋالما. بىر پارچە رەسىمىڭنى نۇرغۇن پۇلغا سېتىپتىمىشسەن - ھە؟ مېھمان قىلايمۇ دېمەيسەن. بىز خەجلىشىپ بەرمىسەك يالغۇز جېنىڭغا ئۇنچە كۆپ پۇلنى قانداق خەجلەپ بولىسەن؟

پاتىمەنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتتۇم، لېكىن يۈرىكىم «چىممىدە» قىلدى، چۈنكى ئۇ مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمنى دەۋىلىش پۇرستىنى ئۆتكۈزۋەتمىدى.

— ياق جانىم، خېرىدار بار، لېكىن تېخى ساتمىدىم، ساتسام ئەلۋەتتە مېھمان بولىمىز.

— قايسى رەسىمىڭ ئۇ ئاداش، شۇنچە يۇقىرى باھاغا چىققان؟ مەن كۆرگەن رەسىممۇ، يا يېڭىدىن سىزغانمۇ؟

بۇ گەپنى دېگىنى ئېلان شىركىتى قۇرغان رازىيە. ئۇنىڭ بىلەن خېلى يېقىن ئۆتىمىز، زەيتۇنەمنىڭ يوقلۇقىنى بۇ ئادىشىم كۆپ چاندۇرمىدى.

— سەن كۆرگەن، — دېدىم رازىيەگە، — «سېنىڭ ئاۋازىڭ» دېگەن رەسىم شۇ.

— ۋاھ. — قىزلار قىيقاس كۆتۈرۈپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— ئاۋازىڭمۇ رەسىمى بولامدۇ؟ ئاجايىپ تۇيغۇلارغا ئىگە جۇمۇ سەن. سەن ئوقۇغان كەسپنى بىزمۇ ئۆگەنگەن، لېكىن سەنلا نەتىجە قازاندىڭ. بەك تىرىشچاڭ، ئەمما سېنىڭ تىرىشقىنىڭغا مۇشۇ نەتىجە تازا يارىشىدۇ، گۈلشەننىڭ چىرايىدىن قايىللىق بىلەن ئېچىنىشنى بايقاپ قالدىم.

— ھەي، ئۇ رەسىم ھەقىقەتەن بەك ئېسىل، — دېدى يەنە رازىيە، — بىر خىل تۇيغۇ، بىر خىل رەڭ، بىر خىل سېھرىي كۈچ بار ئۇ رەسىمدە. مەنمۇ كۆرۈپلا يېنىدىن كېتەلمەي قالغان. مەنچە بولغاندىمۇ ساتما ئاداش. ئۇ رەسىم سېنىڭ بارلىقىڭدەكلا تۇيۇلغان ماڭا.

— يەنە بىر رەسىمىڭ بارغۇ؟ ھېلىقى قاراڭغۇ سەزىلغان رەسىم. ئىسمى نېمىتى ئۇنىڭ؟

— «دوست خېنىم»، شۇنى دېدىڭمىكىن؟

— ھە، توغرا. ئاشۇ رەسىممۇ بەك ئېسىل سىزىلىپتىكەن. ئۇ قاراڭغۇ گىرىمسەنلىكتىن يۇلتۇزلارغا قاراپ ئولتۇرغان قىزنى ئادەم تەستە ئىلغا قىلالايدۇ. ئۇزاقراق قارىغاندا ئاندىن قىزنىڭ ئۆگزىدە ئولتۇرۇپ يۇلتۇزلارغا قاراۋاتقانلىقىنى، يەنە بەكرەك دىققەت قىلسا بىر نەرسىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

— كىچىككىنە تۇرۇپ ئەجەب ئىقتىدارلىقكىنا ما قىز، — دېدى، ناتونۇش بىر چوكان، — ئېرىڭىز قوللامدۇ، يا تازا خۇش بوپ كەتمەمدۇ؟ ئەرلەرچۇ ئاياللىرىنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى بەك خالاپ كەتمەيدۇ. ئۇنداق كۆپ پۇل تاپقاندىكىنىڭغۇ، بېشىدا كۆتۈرسىمۇ ئەرزىيدۇ بۇنداق پۇل چېچەكلەيدىغان چوكاننى.

تاش يۈتۈپ تاشلىغان ئادەمدەك تۇرۇپلا قالدىم،

«چوكان» دېگەن گەپ يامان گەپ ئەمەس، لېكىن ماڭا چايان چاققاندەكلا تۇيۇلدى.

— بۇ ئادىشىمىز تېخى توي قىلمىدى، دوكتورغا تېگىمەن دەپ. شۇڭا تېخى قىز. قاراڭ، قىز بالىدەك تۇرغىنىنى، — يەنە پاتىمە تولۇقلىدى، ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى ئوبدان سېلىپ.

مەن چاڭ - توزانلىق هاۋا رايىغا دۇچ كەلگەندەك تىنالماي قالدىم.

— كەچۈرۈڭ...

ئۇ ئايالنىڭ كېيىنكى گەپلىرىگە قۇلاق سالمىدىم، ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ؟ توي قىلمىغىنىم، لېكىن نەۋاقلا چوكاننىڭ يېشىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتەي دەپ قالغىنىم راست تۇرسا.

بۈگۈن چوكان بولالماسلىقنىڭ ساراسىمىسى يېغىرىنى تاتىلىغاندىن باشقا هەرھالدا رەسىمنىڭ گېپى بولۇپ كەيپىم كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. بۇرۇنلاردا سېنىڭ گېپىڭنى قىلىشىدىغان پۇرسەت چىقسا مۇشۇنداق كەيپىم كۆتۈرۈلۈپ قالاتتى. خۇددى مەخپىي خەزىنەمنى يېقىنلىرىمغا كۆرسىتىۋالغاندەك مۇھتەشەم تۇيغۇلارغا چۈمۈلەتتىم.

سەن هەم رەسىم مېنىڭ هاياتىمنىكى سۆيگەنلىرىم بوپتىكەنسىلەر. سەن مېنى رەسىمگە تارتقۇزۇپ قويغانسەنمۇ، هەيدەر؟ رەسىم هاياتىمنىڭ رەڭگى، سەن هاياتىمنىڭ تەمى ئىدىڭلار، مەن هەر ئىككىلىسىدىن ئايرىلسام بولمايتتى.

— مۇنىرە، ئېرىڭ قانداقراق يېقىندىن بېرى؟

شۈكۈر، گەپ ئاخىر مەندىن يۆتكىلىپ ئىككى يىلدىن بېرى ئېرى باشقا بىرسىنى تېپىۋېلىپ، خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇۋاتقان مۇنىرەگە كۆچتى.

— ئوخشاشلىغۇ، — دېدى ئۇ، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى، تارتىشىپ قالغاندەك قۇرغاق كۆرۈنۈۋاتقان كۆز قارىچۇقلىرىنى ئازراقمۇ ئۆزگەرتمەستىن، — بالىلارنى دېمىسەم بىر ئاخشامدىلا ئۆيگە ئوت قويۇۋېتىپ يىراقلارغا كەتكۈم كېلىپلا تۇرىدۇ، لېكىن بالىلارغا تارتىشىپ يەنە ئۇنداق قىلالمايمەن، ئىچىممۇ، تېشىممۇ ئوتنىڭ ئىچىدە.

— ئاڭلىسام، مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىغان ئايال ئەر كىشىنىڭ يۈزىگە سالماي، تاماقنى ئوخشىتىپ ئېتىپ، ئۆيلەرنى رەتلىك تازىلاپ، مۇلايىملىق بىلەن ئەرگە ئۆينىڭ ئىللىقلىقىنى هېس قىلدۇرۇسا ئۇنۇمى ياخشى بولارمىش.

— مەن ئۆتكەندە پسىخىكا مەسلىھەتچىسى بىلەن كۆرۈشكەنتىم مۇشۇنداقراق بىر ئىش بىلەن، ئايال كىشىنىڭ بىر قېتىملىق قىياپەت هەم ئۆينىڭ مۇھىتىنى ئۆزگەرتىشىمۇ يېڭىچە تۇيغۇ ئاتا قىلىپ ئەر كىشىنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلەرمىش. چاچ پاسونۇڭنى ئۆزگەرتىپ، ئوچۇق رەڭلىك، بەدەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىچ كىيىملەرنى كىيىپ، مەست قىلغۇچى ئەتىرلەرنى چېچىپ ئۆزۈڭگە باشقىچە بىر تۈس بېرىپ باق جېنىم ئادىشىم.

— راست، راست، مەن ئاڭلىسام، ئاشۇنداق ئىچ كىيىم كىيىپ ئېرىنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولغانلار يوتقاندىمۇ بىگىزدەك پاشنىسى بار ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىپ ئۇخلارمىش.

— ۋاي تووۋا! نېمانداق غەيرىي گەپلەر بۇ؟ ئايال بولماق نېمانچە تەسلىشىپ كەتتى ئەمدى.

— شۇنى دەيمەن، ئەڭ ياخشىسى خۇدايىم ساقلىسۇن. بولمىسا هەرقانداق قىلغان بىلەن بىكار. ئەر كىشى ئۇ يولدىن قايتقان تەقدىردىمۇ تۇرمۇش بۇرۇنقىدەك بولامدۇ؟ يۈرىكى زېدىلەنگەن ئايال ئېرىنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆرەلەمدۇ؟ دەز كەتكەن چىنىنى مېھماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىققىلى بولمىغاندەك ئۇنداق تۇرمۇشمۇ بۇرۇنقىدەك بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئەر كىشىمۇ ئايال كىشىمۇ پاكىز ياشاش كېرەك.

— هەي مۇنىرە، داخان بىلەن هەپىلىشىدىغانلارمۇ بار ئىكەن، ئۇ ئىشنىمۇ سەل چاغلىما... داخىنى يامان خوتۇنلار بىر نەچچە ئەر كىشىنى بىراقلا پىرقىرىتىپ يۈرەرمىش. بارىمەن دېسەڭ مەن بىللە باراي.

— مېنىڭ هېچنېمە قىلغۇم يوق. هەممىدىن زېرىكتىم. هەممىدىن تويدۇم.

مۇنىرە شۇنداق دەپلا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورۇق بىلەكلىرى هەممىدىن ئېگىز كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ماڭا ئۇ ئۇسسۇل ئەمەس، گىمناستىكا ئويناۋاتقاندەكلا كۆرۈندى. تۇرمۇشتا بىر مەغلۇپ بولغان ئادەم نېمىلا ئىش قىلسا قالاشمادىغاندۇ، ياكى ماڭا ئۇنىڭ ئۇسسۇلى شۇنداق مەنىسىز كۆرۈندىمۇ ئىش قىلىپ ئۇ قېنىپ بىر ئۇخلىۋېلىشى كېرەكتەكلا هېس قىلدىم ئۆزۈمچە.

بىر نەچچە قىز مۇنىرەنىڭ ئېرى هەم ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرى هەققىدە يەنە بىر مۇنچە سۆزلەشتى. مېنىڭ

ئېرىم بولمىغاندىن كېيىن تەبىئىيلا بۇنداق ئىشتا باش قوشۇش سالاھىيىتىم يوق، پەقەتلا كۆزۈمنى پارقىرىتىپ ئاڭلاپ بېرىمەن.

«بىر ئائىلە بىر جەننەت» دەيتتى رەھمەتلىك ئانام. ھازىر بۇ جەننەتنى قوغداش ئاياللارنىڭلا ئىشىمدۇ؟ «ئۇنداق ياسان، مۇنداق كۈل، ئاق ئۇخلا، كۆك چۈش كۆر...» ھەممىلا ئادەم شۇنداق دەيدىكەن. ئەجەبا ئەرلىرىمىز شۇ قەدەر پۇچەكلىشىپ كەتكەنمىدۇ؟ ئىچ كىيىمنىڭ، ئەتىرنىڭ، چاچ پاسوننىڭ ئېزىقتۇرۇشلىرى ئارىسىدا قونچاقتەك، ئۇ ئايالنىڭ يېنىدىن بۇ ئايالنىڭ يېنىغا كۆچۈپ يۈرەمدىغاندۇ؟ مېنىڭچە بۇ ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەسمىكىن دەپ ئويلايمەن. بۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەن ئەڭ كۆپ ئاڭلاۋاتقان، جەمئىيىتىمىزدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق بىر ئىش بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئۈندىداردىمۇ مۇشۇ خىلدىكى گەپلەر ئەڭ كۆپ. «ئېرىڭىزنى تۇتۇپ قالاي دېسىڭىز»، «ئەرلەرنى مەڭگۈ مەپتۇن قىلىشنىڭ چارىسى»، «ئەرلەر مۇنداق ئاياللارنى مەڭگۈ تاشلىۋەتمەيدۇ»... بەزىدە بۇنداق گەپلەر ماڭا رېئاكسىيە قىلدىغانمىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىمەن. چۈنكى، كۆرسەملا جۇدۇنۇم ئۆرلەپ ئېچىپمۇ باقماي باشقا تېمىلارغا كۆچۈپ كېتىمەن.

بىر ئائىلىنى قوغداش ئەسلىدە ئاياللارنىڭلا ئىشى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

بىر ئايال ئېرىگە ئايال بولامدۇ، يار بولامدۇ، ئاشنا بولامدۇ؟ ياكى قورالسىز ئېلىشىدىغان رەقىب بولامدۇ؟

ئايال خىزمەت قىلامدۇ ياكى ئېرىنىڭ كەينىدىكى يەنە بىر ناتىۋان ئايال بىلەن جەڭ قىلىپ، ئەر تالىشامدۇ؟ ئانا بولۇپ باللىرىنى تەربىيەلەمدۇ؟ ئاتا-ئانىسىغا بالا بولۇپ باللىقنى يەتكۈزەمدۇ؟ خىزمەتچۇ؟ ئايال يەنە تېخى ئېرى بىلەن ئوخشاش تىرىشىپ ئىشلىمىسە، پۇل تاپمىسا بولمايدىغۇ. يەنە بۈگۈنكى مۇشۇ تويدەك باردى-كەلدىلەردە ئەل قاتارى تۇرۇش كېرەك، ئاشۇ چىرايلىق ئاياللاردەك كىيىنىشى، ياسىنىشى... قىسقىسى ھېچقانداق قاتاردىن قالماي باشقا ئاياللارغا ئوخشاشلا ياششى كېرەكقۇ.

پەرزەنت تەربىيەلەش بىر ئىلىم، بىر پۇرسەت، بىر مەسئۇلىيەت. ئاياللار ئەسلىدە بارلىق زېھنىنى پەرزەنت تەربىيەلەشكە قاراتسا بولاتتى، ئەرلەرمۇ ئەڭ ئىللىق مېھرىنى «تالا» غا ئەمەس باللىرىغا بېرىشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

چۇرقىرىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئاياللارغا قاردسام مۇنىرەنىڭمۇ سىرتقى قىياپىتى بايىقىدىن چىرايلىق تۇراتتى. ئىچىدىكى ئاچچىقنى گىرىملىرى ياپقانمىدۇ؟ ياكى بىردەم بولسىمۇ ھەممىنى ئۇنتاي دەپ باشقىلارغا ئەگىشىپ بەدىنىنى سىلكىپ قويۇۋاتامدىغاندۇ؟ ئەمەلىيەتتە خېلى كۆپ ئاياللارنىڭ ئىچى بىلەن سىرتى باشقا-باشقا ئىككى دۇنيا. ئىچىدە بىر تونۇرنىڭ ئوتى كۆيۈۋاتسىمۇ تېشىدا كۈلۈپ ياشايدىغان ئاياللار تولىراپ كەتتى. شۇڭا ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكلىرى كۆپىيىپ كەتتىمىكىن، بىر-بىرىنى ئېزىۋاتقان ئاياللار، بىر-بىرىنىڭ ئۆيىنى بۇزۇۋاتقان؛ ئورنىغا ئۆزىمۇ ئۇ ئۆيدىن كېچەلمەيۋاتقان ئاياللار، ياشلا ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئاياللار، ساقايماس كېسەلنىڭ قولىدا جان تالىشىۋاتقان ئاياللار... بولدىلا بۇنداق ئاچچىق تۇيغۇلاردا كۆڭلۈمنى تېخىمۇ پاراكەندە قىلماي، ئۇنىڭسىز ئۆز كەيپسىزلىكىممۇ يېتىپ ئاشىدىغۇ.

يالغان كىرپىكلىرى يۈزلىرىگە سايە تاشلاپ تۇرغان قىزلار ئۆزىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان قىياپەتلىرىدىن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرۇشقا باشلىدى. بەزىلىرى چىراغنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ گەجلەپ قويغاندەك ئاپپاق جامالىنى رەسىمگە تارتىپ «تويلار مۇبارەك» دېيىشىپ ئۈندىدار چەمبىرىكىگە يوللاپمۇ ئۈلگۈرۈشتى. بىلمىگەن ئادەم مۇراسىم كۆڭلەكلىرى، قېنىق گىرىملىرىگە قاراپ مۇشۇ قىزنىڭ تويى بولغان ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشى ئېنىقلا.

ماڭا مۇشۇنداق تېتىقسىز ئىشلارمۇ ئۈندىدارنىڭ مەززىسىنى قويمىغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئويغانغاندىن تارتىپ تا ياتقۇچە بىر كۈنلۈك پائالىيىتىنىڭ ھېچ بىرسىنى كەم قىلماي تولۇق يوللاپ تۇرىدىغان ئادەملەرگە قاراپ ھەيران بولماي مۇمكىنمۇ؟ تېخى ئۇخلاشتىن بۇرۇن چەمبىرەكتە تۇرۇپ ھەممىگە خوش دېيىشلىرى بار.

ۋاراڭ-چۇرۇڭ، مۇزىكا، يەنە قانداقتۇر غەلۋە-غوۋغالارنىڭ ئارىسىدا ئەمدى قىزلارنىڭ ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمىغاچقا ئىككىدىن، ئۈچتىن بولۇپ مۇڭدىشىش باشلاندى.

مۇشۇنداق تويلارغا كەلسەم شۇنداق ئويلارغا چۆكىمەن، بەزى ماقاللىرىممۇ ئاياللار مەسىلىلىرى توغرۇ-

لۇق يېزىلغان. زامانىۋىلىق بىز ئاياللارنىڭ ئالىپتە، چىرايلىق كىيىملىرىمىزدە، گىرىملىرىمىزدە، پارانگلىرىمىزدىلا توختاپ قالمىسا بولاتتى. زامانىۋىلىق ئىدىيەمىزگە، قەلبىمىزگە نۇردەك كىرىپ كەلسە بولاتتى. بىز بىر توغرا ياشاش يولىنى تېپىپ بالىلىرىمىزنى شۇ يول بويىچە تەربىيەلىسەك بولاتتى. بىز نۇرغۇن نەرسىگە ئېرىشتۇق يەنە بىر تەرەپتىن نۇرغۇن گۈزەل نەرسىلىرىمىزنى يوقىتىپ قويدۇق.

بىز ئانا، بىز ئايال؛ شۇڭا نېمىنى قوبۇل قىلىش بىلەن نېمىنى رەت قىلىشنى بىلسەك بولاتتى. ئاياللارنىڭ ئاياللىقى قازان بېشىدا، بالىلىرىغا، ئېرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىدە. شۇنداقلا رىقابەتكە تولغان مۇشۇ جەمئىيەتتە يەنە بىر كىشىلىك ئورنىنى تېپىپ ياشىشىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى. بىز بىر مۇنتىزىم ئائىلىدىن، بىر مەسئۇلىيەتچان ئەردىن ئايرىلىپ قالساق قىممىتىمىزنى تاپالمايتتۇق. چۈنكى، بىز ئانا ئىدۇق. بىزنىڭ ئەنئەنىلىرىمىزدە ئەر تالانىڭ ئادىمى، ئايال ئۆينىڭ ئادىمى بولۇپ ياشاپ كەلگەندى. بۇ ئىككى ئىنسان تەكچۈكلۈقنى ساقلاپ ئەجدادنى ئەۋلادقا ناھايىتى ياخشى ئۇلاپ كەلگەن ئەمەسمۇ. قېنى ئۇ روھى سۇنماس ئاتىلار؟ قېنى ئۇ سەۋر - تاقەتلىك ئەردەك ئانىلار؟

ھازىر نېمىشقا مۇنىرەدەك ئاياللار ھەم ئۇنىڭ ئېرىدەك ئەرلەر تولىراپ قالدى؟ نېمىشقا ئاياللار ئەرلىرىگە ئىشىنىشكە پېتىنالمايدۇ؟ نېمىشقا مۇقىم كىرىمى يوق قىزلار خېرىدارسىز؟ نېمىشقا بىخۇدۇك يۆلەنگۈدەك يىگىتلەر ئاز؟ بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز پەقەت كىيىم - كېچەكلىرىمىزدىلا ئەمەس؛ روھىيىتىمىزدە، مىجەز خۇلقىمىزدا، ۋاپادارلىقىمىزدا، سەممىيلىكىمىزدىمۇ ئىپادىلىنەتتى ئەمەسمۇ؟ كىم بولۇپ كېتىۋاتقاندىمىز؟ مەن «بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتى بولۇپلا قالماي يەنە مەدەنىيەت پىسخىكىسى بولىدۇ» دەپ ئوقۇغانىدىم بىر كىتابتىن.

ھەيدەر، سەن ئويلاپ باقمىغان ئىشلارنى مەن ئاشۇنداق ئويلاپ كېتىمەن. ئەگەر سېنىڭ بۇلارنى ئويلاشقا ۋاقتىڭ چىققان بولسا چوقۇم ئىككى - ئۈچ يىلنى قىلىپلا ئوقۇشۇڭنى توگىتىپ يېنىپ كېلەتتىڭمىكىن، ئاناڭنى، ئانامنى، دادىلىرىمىزنى ھەم مېنى سېغىناتتىڭمىكىن دەيمەن. ئىچىم ئاچچىق.

بۇ تويدىن شۇنداق كەتكۈم كەلدى. رەيھانەمۇ يېنىمدا يوق، تېلېفونى توختىماي تىترەپ ئۇنى ئىزدەۋاتا-

دۇ.

مەن ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن بەك بىزار، لېكىن يۇرتقا بېرىپ جىمجىتلىقنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ كېلەي دەپ بارسام، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىنلا كۆڭلۈم يەنە مۇشۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان شەھەرنى تارتىپ تۇرالماي قالمىغاندە قايتىپ كېلىمەن. مۇڭقىيىپ قاراپ تۇرغان، دادامنىڭ بارماق ئىزلىرى قالغان نەقىشلىك دەرۋازا، گۈلدار پېشايۋانلارنىڭ يامغۇر سۈيىدە شورىدىغان، ئۆڭگەن ياغاچلىرى كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىدۇ. توپا باسقان كىگىز - كېچەكلەر، چاشقانلارغا ماكان بولۇپ كەتكەن ئانامنىڭ ئايامىلىق يوتقان - كۆرپىلىرى... ئىشقىلىپ ئۆينىڭ ھەممىلا يېرى كۆڭلۈمنى يېرىم قىلىدۇ. مېنى يىغا باسىدۇ، ئانام بىلەن دادامنىڭ ھازىسىنى يالغۇز ئۆيدە قايتا ئاچىمەن. يالغۇزلۇق، يېگانىلىك جېنىمنى پىچاق بەسدەك تىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئازاب بىلەن تولغان خاتىرەلەرنى تاشلاپ شەھەرگە قاچىمەن.

كېلىپلا بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە بۇ ۋاڭ - چۇڭ مېڭەمنى قۇرتتەك يەيدۇ. مەن نېمە بولغاندىمەن؟ زادى بىر جايدا تۇرالماي قالىمەن.

شەھەر گۈزەل، تارتىملىق، ۋاراڭ - چۇرۇڭ يەنە بېشىم ھەم گۈزەل بىر چوكاندەك ئوتى يامان. مەن مۇشۇ شەھەرگە كۆنۈپ قالغان ئوخشايمەن.

توۋا، كۆنۈپ قېلىش دېگەن ماۋۇ سۆز ئاغزىمدىن ئەجەبلا چىقىپ كەتتىيا.

راست، ئادەملەر نۇرغۇن نەرسىلەرگە كۆنۈپ قالدى. بەزىلەر راھەت تۇرمۇشقا، بەزىلەر توختىماي ئىشلەشكە، بەزىلەر توختىماي ئۆگىنىشكە، بەزىلەر پۇل تېپىشقا، بەزىلەر ھېچ ئىش قىلماي بىكار يۈرۈشكە، بەزىلەر سۆيۈپ ياشاشقا، بەزىلەر سۆيۈلۈپ ياشاشقا.

ھەيدەر، مەن يالغۇزلۇققا، سېنىڭ يوقلۇقىڭغا كۆنۈپ قالغاندىمەنمۇ؟ سەنچۇ؟ سەن نېمىلەرگە كۆنگەنسەن بۇ ئون يىلدا.

— ئەركەك جىنى بارمىش شۇڭا ئەرگە تەگمەيدىمىش، — دەپ يۈرۈپتۇ بەزىلەر.

— ھەيدەرگە تەگمىسە بولمايدىغان بولۇپ قاپتىكەندىمىش، — دەپمۇ يۈرۈپتۇ بەزىلەر.

— ئەر چىقماپتۇ، — دېگەنمۇ ئوخشايدۇ يەنە بەزىلەر... ئىشقىلىپ بۇ ئون يىل ھەر كىمنى ھەر نېمە دېگۈزدى. مەن بېشىمنى كۆتۈرمەي ئون يىل تىرىشىپ

بىراقلا بېشىمنى كۆتۈرگەن ۋاقتىمغا قاراڭغۇدىن چىقىپ كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا كۆزنى ئاچالمىغان ئادەمدەك قىملداپ كەتكەن گەپلەر ئارىسىدا ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويغىلى تاسلا قالدىم. ماڭا باشقىلارنىڭ باھاسىدىنمۇ بەك نېمىشقا مەن بىلەنلا؛ مېنىڭ تويۇم بىلەنلا قىلىشى غەلىتە تۇيۇلدى.

كېچىدە ماشىنا ھەيدەشنى پەقەت ياخشى كۆرمەيدىمەن. كوچىنىڭ چىراغلىرى شۇنداق يورۇق تۇرسىمۇ يەنە ماشىنىسىغا يورۇقى نەچچە كىلومېتىر يەرلەرگە يېتىپ بارغىدەك نۇرى كۈچلۈك چىراغلارنى بېكىتتۈرۈلىپ، بولۇشىغا ياندۇرۇپ مېڭىپ ئۇدۇلىدىن كېلىۋاتقان شوپۇرلارنىڭ نېمە بولۇشنى ئويلاپمۇ قويمايدىغان شو پۇرلارغا بەك ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ. مېنىڭ كۆزۈم ھەر خىل رەڭلەر ئارىسىدا تالجىقىپ ئاران جېنى قالغان كۆز بولغاندىن كېيىن، بۇنداق نۇرلارغا تېخىمۇ چىداپ بولالماي قالىمەن. ماشىنىنى كۆزۈمنى يۇمۇپ دېگۈدەك ھەيدەپ ئاران تەمتىلەپ قورۇغا كىرىپ «ئۇھ» دەپ بىردەم دېمىمنى ئېلىۋېلىپ ئاندىن ئۆيگە كىرىمەن. ئۆيۈم بەك چوڭ ئەمەس، لېكىن مۇشۇ ئۆيگە ئېرىشكەن كۈنۈم يېرىم سائەت ئۈنسىز يىغلىدىم. دېمەك، مەن ئەمدى مۇشۇ شەھەردە پۇت تىقىپ كىرگۈدەك بىر ما كانغا ئاخىر ئېرىشكەنىدىم. باشقىلارغا ئۆينى خىزمەت ئورنى تەقسىملەپ بېرىپ، ئاتا-ئانىسى ئېلىپ بېرىپ ياكى ئەر-ئايال قەرز قىلىپ ئالغان بولسا مەن پۈتۈنلەي ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ ئالغانىدىم. بۇ ماڭا رەڭدىن كەلگەن ئامەت ئىدى. ئاشۇ رەڭلەر بىرىكىپ رەسىم بولمىغان بولسا، ماڭا نەدىمۇ بۇنچىلىك ئۆيگە ئېرىشىش نېسىپ بولسۇن؟

رەڭ ئاللانىڭ مۆجىزىلىرى ئىچىدىكى بىرسى ئىدى. ئۇ دۇنيانى رەڭگارەڭ قىلىپلا قالماي، مېنىڭ ھاياتىمنىمۇ رەڭگارەڭ نۇرلارغا پۈركىدى.

رەڭ قۇت، رەڭ ئامەت، رەڭ خۇشاللىق، رەڭ مۆجىزە؛ رەڭ مەن ئۈچۈن ھەممە نەرسە.

كىچىك ۋاقتىمدىكى ئويۇنچۇق بۆشۈكۈمدىكى رەڭلەردىن تارتىپ ھازىر سىزغان رەسىملەردىكى ھەر خىل رەڭلەرگىچە مېنى بەختىيار قىلىپ كەلدى.

چېچىمدىكى چاچ ئاسراش مەلھىمىنى يۇيۇۋەتكەندىن كېيىن يۈزۈمگە يۈز چاپلىقى چاپلاپ ياتتىم. نەم چېچىمدىن تاراۋاتقان خۇش پۇراققا كۆمۈلۈپ مۇشۇنداق ئۆزۈمنى تىڭشاپ جىمجىت يېتىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئالدىراشچىلىقلار ئىچىدە ھاياتنىڭ بۇنداق ئارامliq دەملىرىمۇ ماڭا كەمدىن-كەم نېسىپ بولىدۇ.

ھەر بىر ساۋاقدىشىمنىڭ تويى بولغان كۈنى تويدىن كېلىپ مۇزدەك سۇدا جاقىلداپ تىترەپ تۇرۇپ سائەتلەپ يۇيۇناتتىم، شۇ چاغدىلا تېنىم ھەم روھىم ئازراق ئەمىن تېپىپ قالاتتى.

تويلاردا يىگىتلەر كۆپ بولىدۇ. يىگىتلەر كۆپ يەردە قىزلارغا چۈشىدىغان كۆزمۇ كۆپ بولىدۇ. شۇنداق كۆزلەر پات-پات تېخى جەلپكارلىقىمنى يوقاتمىغانلىقىمنى ئېسىمگە سېلىپ تۇراتتى. توي مېنىڭمۇ توي قىلغۇمنى كەلتۈرەتتى. مېنىڭمۇ سېنىڭ نىكاھىڭغا ئۆتۈپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگۈم كېلەتتى. توي قىلغان قىزلارغا ھەۋەس قىلاتتىم. بالىلىرى بار دوستلىرىمغا ھەۋەس قىلاتتىم. ئۇلارنىڭ ئەرلىرىدىن ئۇنداق، مۇنداق دەپ قاقشاپ بېرىشلىرىنىڭ يەنىلا بىر خىل مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالاتتىم.

ئەتە دېكابىرغا 18.

ئەتە سەن كېلىمەن دېگەن كۈن. چېچىمدىكى مەلھەمنى شۇڭا سۈردۈممۇ؟ يۈزۈمدىكى چاپلاقنى، قورۇقلىرىمنى يوقاتسۇن دېدىممۇ؟

قەلبىم يەنىلا ئوغرى كىرگەن ئۆيدەك، يۈرىكىم مۇز. ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى. مۇزدەك سۇدا تەكرار يۇيۇنۇش يۈرىكىمنى مۇزلاتقانمىدۇ؟ مېنىڭمۇ تويى بولغان قىزلاردەك توي قىلغۇم كەلگەن ئەمەسمىدى.

ئۇھ!...

كىچىك ۋاقتىمدا ئانام باققان پىلە قۇرتى ئۆزى توقۇغان پىپەكلەرگە يۆگىنىپ يېتىپ لىچىنكىغا ئايلانغاندىن كېيىن كېپىنەككە ئايلىنىپ قاناتقا ئېرىشەتتى. مەن پىلە قۇرتى بىلەن كېپىنەكنى يەنىلا بىر جان دەپ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

مەنمۇ قاناتلىق كېپىنەك بولسام پىلە قۇرتىدەك ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئۇنتارمەنمۇ؟ كېپىنەككە ئايلىنىپ غوزەكتىن چىقىدىغان ۋاقتىم كەلگەنمىدۇ؟

ھەيدەر، مەن قاناتلىرىمنى سەندە دەپ ئويلايتتىم، لېكىن ھازىر پىلە قۇرتى بولۇشنى ياقتۇرۇپ قالدىم.

ئەتە سەن بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەكمۇ؟

«كۆل بويىدىكى تېرەكلىكتە ساقلايمەن» دەپ

خەت قالدۇرۇپسەن. ئۇ كۆل، ئۇ تېرەكلىك، ماڭا ئوخشاشلا سەن كۆرگەن ھالىتىدە ئەمەس.

تۇي قىلىش ئۈچۈنلا يېنىڭغا بارسام بولمايتتى. ئەگەر بىر ئەر بىلەن تۇي قىلىشىم زۆرۈر بولۇپ قالسا ئون يىل ساقلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. مۇھەببەتتىن مۇستەسنا بىر قەدەمنىمۇ سەن تامام باسالمايتتىم.

ئەتە... ئەتە...

قېنى ئەتە بولۇپ باقسۇن. بۈگۈن ئۇخلىيالىسام ئانامدەك، چۈشلىرىمدىن تەبىر ئىزدەپ باقاي.

ئەي مېنىڭ يالغۇزلۇقۇم
ئەي مېنىڭ جىمجىت ئورمىنىم
كەل يېنىمدا بىردەم ئولتۇر
قولۇمنى تۇت
چاچلىرىمدىن ئۆپ
سەن مېنىڭ بارلىقىم
سەن مېنىڭ ئالتۇن زەنجىرىم
سەن مېنىڭ ساباھىم
سەن مېنىڭ كۆز نۇرۇم
سەن مېنى كۆندۈرۈۋالغان ۋاپادار شاھزادەمسەن.

يالغۇزلۇقۇمنى شېئىر قىلىپ باقاي دېسەم پەقەت قامالاشمىدى. مەن شائىرلارغا بەك ھەۋەس قىلىمەن، ئۇلار يۈرىكىنى قالاپ تۇرۇپ يازغان شېئىرلىرى ئارقىلىق بىزگە ئىسسىق بېرىدۇ، نۇر بېرىدۇ ئەمەسمۇ. شېئىر يېزىشمۇ رەسىم سىزىشتەكلا بىر سىرلىق جەريان، شائىر شۇ سىرنىڭ ئىچىگە كىرەلمەي تۇرۇپ شېئىر يازسا مەغلۇپ رەسىمدەك مەغلۇپ شېئىر يېزىپ قالىدۇ. شۇڭا ھەقىقي رەسساممۇ، ھەقىقي شائىرمۇ ئاز.

ھەيدەر، كۆلنى تاپقىنىڭ بىلەن ئۇ تېرەكلىكنى تاپالمىغىنىڭنى يىراقتىن كۆرۈپلا بىلدىم، ئۇ تېرەكلىك يولغا قوشۇلۇپ كەتتى. ۋاقىت ئۆزگەرتەلمەيدىغان ھېچ نەرسە يوق. لېكىن سېنى كۆرۈپلا تونۇۋالدىم. سېنى ۋاقىتمۇ ھېچ ئۆزگەرتەلمىگەندەك كۆرۈندۇ، شۇنداق سالاپەتلىك، نوچى بىر ئەر بوپسەن.

پەلتورۇڭنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋېلىشىڭ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ. ۋاقىت نەرسىلەرنى ئۆزگەرتكەن بىلەن ئادەمنىڭ خۇي، مىجەزىنى ئۆزگەرتەلمەيدىكىنە. قوشۇماڭنى تۈرۈۋاپسەنغۇ؟ مېنىڭ كەلگىنىمنى بىلەلمىدىڭ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ؟ شۇتاپ تۇيۇقسىز يېنىڭغا بارغۇم كەلدى، بۇرۇنقىدەك قولۇڭنى تۇتۇپ كۆل بويىنى ئايلانغۇم كەلدى.

ھەيدەر، ئارىمىز نېمانچە يىراق؟ بۇرۇنقىسى مۇساپىدىكى ئارىلىق ئىدى، ھازىرقىسى قەلب ئارىلىقى بولۇپ قاپتۇ. تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىپسەندە؟ بىلمەن سەنمۇ ئاز جاپا تارتمىدىڭ. ياقا يۇرتلاردا جان باقماق، ئوقۇماق، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا پۇت دەسسەپ تۇرماق ئاسان ئەمەس.

ھەيدەر، قېنى مېنىڭ ھەيدىرىم؟ سېنى يا ھەيدەر دېيىشىمنى يا ھەيدەر ئەمەس، دېيىشىمنى بىلەلمىدىم. سەن شۇ ھەيدەر، لېكىن قەلبىمدىكى ئون يىل ئاۋۋال ساقلىنىپ قالغان ھەيدەر ئەمەسسەن.

ئەمدى تۇرۇپلا يېنىڭغا بارغۇم كەلمەي قالدىغۇ. ئارىمىزدا تەكلىماكان كەبى بىر قۇرغاق چۆللۈك. بىز بىر - بىرىمىزنىڭ مەدەتكارى بولغانىدۇق، ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ دىققەت نەزەرىدىكى بالىلار ئىدۇق، قىزلار ھەۋەس قىلىدىغان ھەيدەر ئىدىڭ. يېزىمىزنىڭ پەخرى بولغانىدۇق. ئەمدى ماڭا نېمە بولغىنى؟ سېنى تاپتىم لېكىن قەلبىمدىن ئەمەس.

زەيتۇنەم:

— سەن چارچىدىڭ، يۈرىكىڭدىكى بارلىق ھېسسىياتنى رەسىملىرىڭگە سەرپ قىلىپ تۈگىتىپ قويغان ئوخشايسەن، بىر مەزگىل ھېچ ئىش قىلما، ھېچ نەرسىنى ئويلىما، ئۆزۈڭنى چارچاتما، ئارام ئال، — دەيدۇ.

ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى مۇھەببەتمۇ چەكلىك بولامدىغاندۇ؟ ئەگەر قەلبىمدىكى مۇھەببەت تۈگەپ كەتكەن بولسا مەن ئۇنى نەدىن تولۇقلايمەن؟ بۇمۇ كېسەللىكمىدۇ؟ ئەگەر راك كېسىلدەك داۋاسى يوق كېسەل بولسا، بۇ راك كېسىلىدىنمۇ قورقۇنچلۇق كېسەل بولىدۇ.

بۇ ھاياتنى قانداقمۇ مۇھەببەتسىز ياشاپ تۈگىتىپ بولغىلى بولسۇن؟ مەن قورقۇۋاتىمەن ھەيدەر. مۇھەببەتسىز كۆزلىرىم بىلەن ساڭا قاراشتىن قورقۇۋاتىمەن. سەن بىر قاراپلا كۆزلىرىمدە مۇھەببەت يوقلۇقىنى بىلىۋالالايسەن، كۆزلىرىڭدىكى مۇھەببەت قېنى دېسەڭ مەن نېمە دەيمەن؟ يىتتۈرۈۋەتتىم دەيمەنمۇ؟ رەسىملەرگە سىڭىپ تۈگىدى دەيمەنمۇ؟ ھايات چارچىتىپ تۈگىدى دەمدىم؟ مۆلدۈر ياققان كۈنى تالادا يېلىڭ قالغاندەك تىترەپ كەتتىم. سەن ئۈچىنچى تاماكاڭنىڭ ئوتىنى ياقتىڭ.

ئەگەر سەن كاچكۇلغا قولۇڭنى سالغان بولساڭ قولۇڭغا مۇزدەك سۇدىن باشقا نەرسە ئۇرۇلمىسا، بەلكىم بەك رەنجىپ كەتمەيسەن، لېكىن يانچۇقىڭغا سېلىپ

قويغان نەرسەڭنى، قولۇڭنى يانچۇقۇڭغا سالغاندا تاپالمىسالڭ قانداق بولىدۇ؟ سۆيگۈمىزنى سەن يۈرىكىمگە سېلىپ قويۇپ كەتكەن، لېكىن مەن ھازىر تاپالمىدىم.

يىگىتلىك مەۋسۇمىدىن چىقىپ پىشقان ئەرلەردەك سالاپەت پەيدا قىلغان، قارچۇغا كۆزلىرى يولۇمغا تىكىلىپ ئۈمىدسىز قىسىلغان، تاماكىسىنىڭ تۈتۈنىدە يۈزلىرى تۇمانلاشقان ھەيدىرىم، مېنى كەچۈرگىن.

مەن بۇ سۆيگۈسىز قەلبىم بىلەن، ھېسسىياتسىز كۆزلىرىم بىلەن، چارچىغان نېرۋام، تالغان ۋۇجۇدۇم بىلەن ئالدىڭغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

ھەيدەر، يېنىڭدىن ماشىنىنى توختاتماي ئاستا ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتىم شۇنچىلىك دەھشەت، قورقۇنچلۇق، ئازابلىق ھەم سۆيگۈسىز بولدى.

سەن كەبى بىر ئەرنى سۆيەلمىگەن يۈرەكنى يۈرىكىم بار دەيمۇ؟ سېنى سېغىنالمىغان كۆزلىرىمنى كۆز دەيمۇ؟ ساڭا تەلپۈنمىگەن بۇ باغرىمنى قىز باغرى دەيمۇ؟ ئۆز سۆيگۈسىنى يۈرىكىدە ساقلىيالمىغان بىر ئادەمنى ئىنسان دەيمۇ؟

ئۆزۈمدىن نەپرەتلەندىم. سۆيۈشنى ئۇنتۇغان يۈرىكىمدىن، سېغىنىشنى ئۇنتۇغان ۋۇجۇدۇمدىن، داتلاشقان تۇيغۇلىرىمدىن، ئۆلگەن ھېسسىياتىمدىن نەپرەتلەندىم.

سۆيۈشنى بىلمىگەن نە ئايال؟ كۆيۈشنى بىلمىگەن نە ئايال؟ يارىنى تونۇمىغان قانداق يۈرەككى... پۈچۈلاندىم. ھېچنەرسىگە ئوخشىمايدىغان شەكىلدە ئۆرتەندىم.

بۇ بەلكىم ھاياتىمدىكى ئەڭ ئېسىل، چوقۇم تۇتۇۋېلىشىم كېرەك بولغان بىر پۇرسەت بولغىيتتى. بۇ بەلكىم مەندەك بىر سېغىنغۇچىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى بولغىيتتى. لېكىن سېغىنىشنى، سۆيۈشنى، كۆيۈشنى ئۇنتۇغان يۈرىكىم بىلەن ئەسلىدىكى سۆيگۈ مەيدانىمغا قايتا چىقىش قولۇمدىن كەلمىدى.

كەچۈر...

ئۆگۈنلۈككە پارىژغا بىر يەرمەنكىگە بارىمەن.

ھەر قېتىم ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ياكى مۇشۇنداق خەلقئارالىق يەرمەنكىلەرنىڭ تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋالغان ۋاقتىمدا، كۆز ئالدىمغا، ئېغىر رەسىم رامكىلىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن، كۆچىگەنلىكتىن يۈزلىرى قىزىرىپ، ئېسىلىپ كەتكەن بىر قىز كېلىدۇ. يېنىدا پۇلى قالماي پات-پات سوغۇق سۇ ئىچىۋېلىپ قورسىقىنى گوللاپ يۈرگەن بىر قىز كېلىدۇ. تۈنجى رەسىمىنى ساتقاندا خېرىدار بەرگەن پۇلغا قاراپ كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىغان بىر قىز كېلىدۇ، كۆرگەزمىلەردىن ئورۇن تەگمەي بۇلۇڭ-پۇشقاقلاردا رەسىملىرىنى يېيىپ ئولتۇرغان بىر قىز كېلىدۇ.

شۇنداق بىر قىز مانا ھازىر خەلقئارالىق يەرمەنكىلەرنىڭ تەكلىپلىك مېھمىنى.

— ھەيدەر!

— نۇرئەزىز!...

ھۆپپىدە ئىسسىغان ئىشخانىدا ئىككىمىزنىڭ ئاۋازى تۇيۇقسىز سوقۇلۇپ ئۇششاق ئەندىكىشلەرگە ئايلىنىپ ئەتراپىمىزغا چېچىلدى.

ئاۋازىڭ «سېنىڭ ئاۋازىڭ»دىكى ئاۋازىڭدىن پەرقلىنەتتى. كۆزلىرىڭ كۆزلىرىمگە تىكىلگەندە ئەندىكىمەي تۇرالمىدىم. خۇددى ئوغرى، مالنىڭ ئىگىسىگە تۇتۇلۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەندەك.

كۆزۈمگە تىكىلگەن كۆز قارچۇقلىرىڭدا ئاستا-ئاستا مەنىسىزلىك يېپىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. سۆيگۈ كۆزلىرىڭدە چۆكۈۋاتاتتى. مەن سۇغا غەرق بولغان بىر ئادەمنىڭ قانداق چۆكۈپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ تۇرغان تاش يۈرەك بىر ئىنساندەك قاراپ تۇردۇم. مېنىڭ قورقۇپ يۈرگىنىم دەل مۇشۇ ئىدى. ماڭا مۇھەببەت بىلەن باققان كۆزلىرىڭدە مەنىسىزلىكنىڭ يېپىلىشىدىن قورقاتتىم. كۆزلىرىمدىن مەنىسىزلىكنى بايقىغان ۋاقتىڭدا قەھرىڭنىڭ قوزغىلىشىدىن قورقاتتىم. مەن يوشۇرۇشنى بىلمەيتتىم، يالغان قىياپەت پەيدا قىلالمايتتىم. ئىچىمدىكى كۆزلىرىمگە، يۈزلىرىمگە مۇشۇنداق تەبىئىيلا سىزىلىپ قالاتتى.

سەن مېھرىدە دۇنيانى كۆكلىتىپ، قەھرىدە دۇنيانى ئۆڭتۈرەلەيدىغان ئەر ئىدىڭ. شۇڭا بۇ قۇرۇق قەلبىم بىلەن ساڭا ئۇدۇل چىقىشتىن قورققاندىم.

كۆز قارچۇقلىرىڭنىڭ رەڭگى يەنە ئۆزگەردى. ماڭا كۆز قارچۇقلىرىڭ قېتىپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىشنىڭ مەنىسىنى مەن بىلىشكە قادىر بولالمىدىم. بۇ يىللارنىڭ ئارىمىزدا پەيدا قىلغان پەرقىمىدۇ؟

سەن ياراتقۇچىنىڭ مېنىڭ بېشىمغا كۈن چۈشمىسۇن، دەپ سايىۋەن قىلىپ ياراتقان بۇلۇتىدەك، شۇنچە يىل

مېنى بوران ـ شامالغا چىلىقتۇرماي، مەن ئۈيلىغاننى ئېغىزىمدىن چىقىپ بولغۇچە بەجا كەلتۈرۈپ كۆندۈرۈپ قويغانىدىڭ. سەن باركى غېمىم بولۇپ باقمىغان، ئەڭ قىيىنچىلىقتا قالغان كۈنلىرىمىزدىنمۇ سەن بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدۇق. شۇ كۈنلەردىكى بىزنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىمىز پۇل ئىدى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان دېھقان باللىرىنىڭ پۇلدىن ئارتۇق غېمى بولمايدۇ. ئاتا ـ ئانىسى ھەرقانچە كۆچىسىمۇ باللىرىنى يەنىلا شەھەردىن بارغان كادىرلارنىڭ باللىرى بىلەن تەڭ ئوقۇتۇپ كېتەلمەيدۇ.

بىزمۇ شۇ دېھقانىنىڭ باللىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن دەسلەپكى يىللىرى تازا قىينالغانىدۇق.

پۇل شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئېڭىمىزغا بەك مەھكەم ئورناپ كەتكەنمىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شۇنچە ئۇزاق ئايرىلدۇقمۇ؟ بۇ ئايرىلىش بىزنى قانداق ھالەتتە بىر ـ بىرىمىزگە قايتۇرۇپ بەردى.

سەن شۇ قەدەر سالاپەتلىك بولۇپ كېتىپسەن. كۆزلىرىڭ ماڭا ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ. بۇنداق كۆزلەر پەقەت سەندىلا بار. سېنىڭ كۆزلىرىڭلا ماڭا شۇنداق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەلەيتتى. سەن مېنىڭ كۆزلىرىمدىن نېمىنى كۆردۈڭ؟ مەن بايا كۆزلىرىڭدىن كۆرگەن چۆككەن قۇياش سۆيگۈمىزمۇ؟ مەن چىديالمايمەن. سەندىن، مۇھەببىتىمىزدىن ئايرىلىشقا چىديالمايمەن. لېكىن تاشتەك قېتىپ كەتكەن بۇ قەلبىم بىلەن ساڭا يار بولۇشمۇ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. مەن قانداق بولۇپ قالغاندىمەن؟ بىز قانداق بولۇپ قالغاندىمىز؟ ھەيدەر، سەن بىلدىڭمۇ؟...

بىر قىزنىڭ ئون نەچچە يىل يالغۇز ياشىشى، يالغۇز كۈرەش قىلىشى، جاپادا قېلىشى، رىقابەت تولىمۇ رەھىمسىز مۇشۇ جەمئىيەتتە بۆرىدەك ئەرلەر بىلەن تەڭ ئورۇن تۇتۇپ ياشاش ئۈچۈن جان تىكىشى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاياللىق نازاكەتنى، قىزلىق خىسلەتنى، ئەرلەرگە بولغان ئىنتىلىشنى يوقىتىۋەتكەنمىدۇ؟

مېنىڭ ئاچلىق سېزىمىمدە ياشاۋاتقىنىمغا بەك ئۇزاق بولدى. بۇ سېزىم پەقەتلا قورساق ئاچلىقىنى كۆرسەتسە بەك ئاددىي بولۇپ قالىدۇ. لېكىن مەن راستىنلا ئاچ. روھىم قاغجىرىغان بىر چۆللۈكتەك بىپايان، گىياھسىز. ئۇندا نە بىر قۇش يوق، نە بىر كېپىك، نە بىر تۈپ دەرەخ بولسۇن، يا بىر تۈپ گۈل. شۇ قەدەر بىر ماكانكى، ئۇندا ھېچ ئاسمان يوق يا قۇياش. كېچە يا كۈندۈزنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ.

— سەن بەك قەيسەر، — دەيدۇ، زەيتۇنەم تېلېفوندا.

ئۇمۇ مېنى بىلمەس بولۇپ قاپتۇ. مەن قەيسەر ئەمەس، لېكىن قەيسەر بولماسلىقتا ئامالسىزمەن. مېنىڭمۇ زادىلا قەيسەر بولغۇم يوق. نازۇك، ناتىۋان، بىر قىز بولۇپ كۆيۈمگە ئېرىشىشنى خالايمەنكى، تۆمۈردەك بىر ئايال بولۇپ سۆيۈكسىراپ ئۆتكۈم يوق.

قانداق قىلارمەن؟

سەن كۆزلىرىڭدىكى ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتسەن. كاشكى، سەندەك بولالىسامچۇ؟ ساڭا لايىق بولمەن دەپ تىرىشىپ ئاخىرى ئۆزۈمنىمۇ يىتتۈرۈپ قويۇپتىمەن.

— رەسىملىرىڭ نەدە؟ كۆرگۈم بار.

— يۈر، مەن باشلاپ چىقاي.

ساڭا ياندىشىپ مېڭىۋاتىمەن، لېكىن ئارىمىزدىكى يىراقلىق نېمانچە قاقشال.

زەيتۇنەم:

— سەن، ھەيدەرنى كۆرمەي تۇرۇپلا، «سېغىنماس بولۇپ قالدىم» دېگەن گەپنى ئالدىراپ ئاغزىڭدىن چىقارما، ئاۋۋال يۈز كۆرۈشۈپ باق. چوقۇمكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدىغان مۇھىتقا قايتا كىرسەڭلا سۆيگۈڭنى يەنە تېپىۋالالايسەن. مۇھەببەت يېقىنلىققا موھتاج. ئارىدا بەك ئۇزاق مەزگىل كۆرۈشمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن تۇيغۇڭ يېتىرقاۋېتىپتۇ. سەن بىر ئادەمگە بىردەم قىزىپ بىر سوۋۇيدىغان شەپشەك قىز ئەمەس. سېنىڭ ساقلىغىنىڭ مۇشۇ، كۈتكىنىڭ ھەيدەر. ئەمدى قۇرۇق گەپ ساتماي ئۇنىڭ ئالدىغا چىق، — دېگەنىدى.

كارىدوردىن ئۆتكىچە تامدىكى ئىپسىلىق ھەر بىر رەسىمگە قاراپ ماڭدىڭ، لېكىن ھېچقايسىنىڭ ئالدىدا توختىمىدىڭ، ئەمما مېنىڭ رەسىمخانەمدىكى «سەن»نى كۆرۈپ توختىدىڭ.

ئۇنى كۆرۈپ ئۆتمۇشكە قايتتىڭ ـ ھە! كۆزلىرىڭدىن بىلدىم. ئۇ قارىچۇغا كۆزلەردىكى قەيسەرلىك سېنى يىگىتلىك پەسلىڭگە چۆكتۈردى. ئۇ چاغدا ئۇستىبېشىڭ ئاددىي، لېكىن ئۇلۇغۋار غايىسى بار يىگىت ئىدىڭ. كۆز-

لىرىڭدىكى نۇر قادالغان يېرىنى تېشىۋەتكۈدەك كۈچلۈك ئىدى. كەڭ يەلكەڭ ماڭا تاغ يىقىلسىمۇ تىرىۋالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ھازىر غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان پىشقان، ئېغىر - بېسىق بىر ئەردەك تۇيۇلۇۋاتىسەن.

ھەيدەر، زەيتۇنەمنىڭ گېپى راستىمدۇ، راستتىنلا سەن بار مۇھەت سېغىنىشىمنى باشلاپ كېلەمدىغاندۇ؟

— بۇ رەسىمنىڭ ئىسمى، «سېنىڭ ئاۋازىڭ»مۇ؟

بۇ سۆزلەرنى سوراۋاتقان ھالىتىڭدىن سېنىڭ شۇ ۋاقىتقا قايتقان - قايتمىغانلىقىڭنى بىلەلمىدىم. لېكىن مەن قايتىۋاتاتتىم. بۇ رەسىمدىكى ھەر بىر رەڭ، ھەر بىر تال سىزىق، ھەر بىر بۆلەك نۇر تۇچكىلىرىغىچە، تىترەپ تۇرغان يوپۇرماقلاردىكى ئىنچىكە تومۇرلارغىچە ماڭا يادا بولۇپ كەتكەن. مەن دائىم مۇشۇ رەسىمدىكى سەھەردە ياشىدىم، شۇ ئاۋازنىڭ ئەللەيلىشىدە ئارام ئالدىم، شۇ ئاۋازنىڭ تەپتىدە ۋەيرانە بولۇپ يۈردۈم. بۈگۈن يەنە سەن بىلەن بىللە كۆرۈۋېتىپ شۇ ۋاقىتقا قايتىۋاتىمەن.

رەڭ ئىسسىق، يۈرىكىم ئىسسىق.

ھەيدەر، يەنە شۇنداق بىر چاقىرىپ باقە. شۇ ۋاقىتتىكى تۇيغۇڭ بىلەن بىر چاقىرە... ئۇ رەسىم ساڭا جاۋاب بېرىدۇ.

ماڭا قارا، ھەيدەر. مۇشۇ رەسىمنىڭ ئالدىدا ماڭا قارا. ئۆزۈڭدىن چىقىپ كەت. يىگىتلىك پەسلىڭگە قايت. ھازىر نېمە قىلساڭ، نېمە دېسەڭ بولۇۋېرىدۇ، ھەيدەر. رەسىمدىن كۆزۈڭنى ئۈز، سەن كۆرىدىغان رەسىم بۇ يەردە ... ئۇن يىللىق ھىجرانىنىڭ رامكىسىنى چاق، ئەسەبىيلەش، ئۆزۈڭنى ئۇنۇت، ھازىرقى ۋاقىت سېنىڭ.

— بۇ رەسىمنىڭ داۋامىنى سىزماپسەنغۇ؟ يېڭى باشلىدىڭمۇيا؟

— يېڭى باشلىغان...

— رەڭنى بەك ياخشى تاللاپسەن؟ ئالتۇن رەڭلەر بىلەن پىشقان ئالتۇن تارىم.

ھەيدەر، رەسىم سېتىۋالغىلى كەلگەنلەردەكلا گەپ قىلىسەنغۇ. بۇ رەسىملەر سەندە ھېچنەرسە ئويغاتمىدىما؟ «سېنىڭ ئاۋازىڭ»، «سەن»، «دوست خېنىم»... سەن پەقەت بۇ رەسىملەردىكى رەڭنىلا كۆردۈڭمۇ؟ تۇيغۇنچۇ؟ ئۇ رەسىمگە سىڭىپ كەتكەن بىر قىزنىڭ يۈرىكىنچۇ؟ ئۇنىڭدىكى سېنى ساقلاپ قېرىپ كەتكەن مۇھەببەتنىچۇ؟

مېنى مەغلۇپ قىلدىڭ.

ئەگەر سەن بۇ رەسىمنى مۇشۇنداقلا كۆرگەن بولساڭ مېنى مەغلۇپ قىلدىڭ. تەلتۆكۈس....

بۇ رەسىملەرنى سېتىشقا كۆزۈم قىيماي ساقلىشىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ مەن بۇ رەسىملەرنى ئۆزۈم ئۈچۈنلا سىزدىممۇ، ئۆزۈم ئۈچۈنلا ساتماي ساقلىدىممۇ؟

كۆزلىرىم تۇمانلاشتى. سەن كۆزۈمگە خۇددى پىكاسسونىڭ ئاددىي كۆز بىلەن قاراپ چۈشىنىپ بولغىلى بولمايدىغان ئابستراكتنى رەسىملىرىدەك مۇرەككەپ كۆرۈندۈڭ.

— بۇ بالىلار بەك ئوماق ئىكەن، كىمنىڭ بالىلىرى؟

— زەيتۇنەمنىڭ بالىلىرى، سۇلتان بىلەن سۆيىكە.

— رەسىملەرنى بەك ياخشى سىزىپسەن، تىرىشقىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتىپتۇ.

شۇ تاپ شۇنچىلىك چۈشكۈنلىشىپ كەتتىمكى ئىپادىلەشكە ئاجىزمەن. ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ بىر مۇنار ياسىغان ئادەمنىڭ مۇنارى كەلكۈندە غۇلاپ كەتكەندەكلا بىر تۇيغۇ.

سەن بىر نېمە دېمەكچى بولۇۋاتىسەن شۇنداقمۇ؟ قوشۇماڭ تۈرۈلۈپ كۆزلىرىڭ ئۇدۇلغا تىكىلگەندە سەن ئادەتتىكىدىن مۇھىمراق بىر نېمە دەيسەن. ئوقۇشقا چىقىدىغان ۋاقتىڭدىمۇ مۇشۇنداق بىر ھالەتتە ماڭا ئۇقتۇرغاندىڭ.

— مەن بىلەن توي قىلىشنى خالامسەن؟ تۈنۈگۈن كۆرۈشكىلى بارمىدىڭ.

— باردىم.

— نەگە؟ مەن بىلەن كۆرۈشمىدىڭغۇ ئەمەسە؟

— ...

— كۆڭلۈڭدە نېمە بولسا ئېنىق دە، ئۆزۈڭنى قاچۇرۇپ يۈرۈشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. باشقا بىرەرسىنى تېپىۋالغان بولساڭمۇ كېرەك يوق. مەن توغرا چۈشىنەلەيمەن.

كۆزلىرىم يەنە تۇمانلاشتى. پىكاسسونىڭ رەسىمى تېخىمۇ مۇرەككەپ رەڭلەرگە تولۇپ كەتتى، ئۇنىڭدىكى ئىسسىق رەڭلەر بىلەن نۇر ئۆچتى.

بۇ قانداق سوئال سوراش ھەيدەر؟ بۇ قانداق

تەكلىپ؟ مەن بىلەن توي قىلماسلىقنى خالامسەن دېيىش تەكلىپمۇ؟ شۇ تاپ كۆزلىرىمگە بىر قارىغان بولساڭ كاشكى.

تاماكاڭنى شوراپ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇرغان تۇرقۇڭ شۇنچىلىك مەغرۇر. پەلتورۇڭنىڭ ياقىسى يەنىلا كۆتۈرۈكلۈك. ئۆزۈمنى يېنىڭدا تاماكىغا ئايلىنىپ تۈتەپ تۈگەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. دېرىزىدىن كۆل رەڭ ئاسمانغا قاراپ تاماكا شوراپ تۇرۇشقا رازى ئىكەنسەنكى، كۆزلىرىمگە قاراپ تۇرۇپ بىر ئېغىز «نۇرئەزىز، ئامانمۇ سەن؟ نە كۈنلەرنى كۆردۈڭ؟ ھاردىڭمۇ؟» دېگۈڭ يوق ئىكەن. قوينۇڭنى ئېچىپ «كەل، بىردەم ئارام ئال، مەن كەلدىم. سېنى نەدىن بولسىمۇ تاپالايمەن، مەن بىلەن كۆرۈشمەسلىكىڭگە رۇخسەت قىلمايمەن» دېگۈڭمۇ يوق ئىكەن. بىرسىنى تېپىۋالسامۇ كېرەك يوق ئىكەن. سەن سۆيگۈنۈڭنىڭ بىرسىنى تېپىۋېلىپ ياشىشىغىمۇ تاقەت قىلالايدىكەنسەن. ھەيدەر، سەن كىم؟ سەن مەن بىلگەن ھەيدەر ئەمەس.

— گەپ قىلغۇڭ كەلمىسە بوپتۇ. تۈنۈگۈن بارغىنىڭنى؛ كۆرۈشكۈڭ كەلمەي يانغىنىڭنى بىلگەن بولسام بۈگۈن كېلىپ مالال قىلمايدىكەنمەن. خەير... بەختلىك بول!

مەن بىر رەسىم سىزىۋاتاتتىم. ئۇن يىلدىن بېرى سىزىۋاتاتتىم، لېكىن داۋامىدا ئازراق تۇرۇپ قالغانىدىم، سەن ئۇنىڭغا بىر چېلەك سۇنى چېچىپ ۋەيران قىلدىڭ. ئۇ رەسىمدىكى گۈللەر، سۇلار، ئاسمان، قۇشلار.. ھەممىسى تۈگىدى.

ھەيدەر مەن قورققان، لېكىن بۇ قەدەر بولۇشىدىن ئەمەس، پەقەت سېنىڭ قەلبىمدىكى سۆيگۈسىزلىكنى سېزىپ قېلىپ ئۈمىدسىزلىنىشىڭدىن قورققانىدىم. كۆڭلۈمنىڭ يېرىم بولۇشىدىن، كۆزلىرىڭنىڭ مەيۈسلۈككە پېتىشىدىن، دىلىڭنىڭ ئاغرىپ قېلىشىدىن قورققان.

دادام ئۆلۈپ كەتكەنىنىڭ بۇ تەرىپىدە ئۇن چىقىرىپ يىغلاپ باقمىغانىدىم. بۈگۈن ئۈنۈمنىڭ چىقىش ياكى چىقماسلىقى بىلەن كارىم بولغۇدەك ئەھۋالدا ئەمەسمەن. سەن چىقىپ كەتتىڭ. رەسىمخانەمنىڭ ئوچۇق ئىشىكى ھازىرلا بىر نەرسىنى دەم تارتىپ لەۋلىرىدىكى قان يۇقىنى يالاۋاتقان ياۋايى ھايۋاننىڭ ئاغزىدەك سوغۇق قاراپ تۇرىدۇ.

جايىمغىلا ئولتۇرۇپ قالدىم. ۋارقىراپ يىغلىغان ئاۋازىم سېنى قايتۇرۇپ كېلەلمەيدۇ، بۇنى بىلىمەن، كەلگۈڭ بولسا كەتمەيتتىڭ.

ھەيدەر، كېلىشلىك مۇھەببەت ئۇچۇن ئەمەسمىدى؟ ۋىجدانىڭنىڭ سورىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنمىدى؟ نېمە ئۈچۈن ئىدى؟ مەن بىلمىدىم، بىلەلمىدىم، بىلمەس بولۇپ قاپتىمەن.

ئۆكسۈشلىرىم يۈرىكىمگە ئېقىپ چۈشۈۋاتىدۇ. ئازابتىن يۈرىكىمنىڭ ھەر بىر تال قىل قان تومۇرلىرىنىڭ تىرىس - تىرىس قىلىپ يېرىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ...

**ئىزاھات:**

[1] شۈۋېي — (1521 — 1593) مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب، خەتتات، رەسسام.

[2] جۇدا — (1626 — 1705) چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى رەسسام، ئۇنىڭ تەخەللۇسى.

**ئەسكەرتىش:**

بۇ ئەسەر «قەشقەر» ژۇرنىلىنىڭ 2015 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان، ئاپتورنىڭ ماقۇللىقى بىلەن ئۇقۇرمەنلەرگە قايتا سۇنۇلدى.

---

ئاپتور: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسىدا

بۇ ساننىڭ ئەسەرلىرى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما ئىشلىرى مەركىزى ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى؛ بۇ ساننىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كوررېكتورى: رەنا ئەمەت؛ مۇقاۋا ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنى ئىشلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس (تەكلىپلىك)، بەتچىك: ئىسھاقجان ئىبراھىم قارائېكىن (تەكلىپلىك).



# شىنجاڭ مەدەنىيىتىدىكى غازى ئەھمەد

غەيرەت ئاسىم



غازى ئەھمەد مول نەتىجىلىرى بىلەن مەملىكىتىمىز ئىچى-سىرتىغا تونۇلغان، چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە داڭلىق رەسسام. ئۇ يۈكسەك ئەقىل-پاراسەت، مول بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، بىزگە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەر سوۋغا قىلدى. ئارامغا چىققاندىن كېيىنمۇ توختىماي ئىزدىنىپ، يىللارنىڭ ھارارەتلىك قوينىدا، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ئاۋامنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. «ياش ئۇلغايدى ئەمدى بولا» دەپ قارايدىغان پېشقەدەملەرگە ياشاشنىڭ يەنە بىر ئۆلگىسىنى تىكلەپ بەردى. ئەپەندىمنىڭ قابىلىيىتى كۆپ تەرەپلىملىك ئىدى. كىشىگە ئەقىل، ئىلھام بېرەتتى. ئۇنىڭ رەسىملىرى، ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى، نۇرغۇن كۆرەرمەن ۋە ئوقۇرمەنلەرنى ھاياجانغا سالدى. مەن ئەپەندىمنىڭ تالاي رەسىملىرىنى كۆردۈم، يەنە «ھاياتىمدىكى ئۆچمەس سۈرەتلەر» ناملىق ئاپتوبىيوگرافىك ئەسىرىنى، «ئارزۇ» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئوقۇدۇم، ئەپەندىمنىڭ بەدىئىي ماھارىتى، سەنئەتكە بولغان مۇھەببىتى، تالماس قەلىمى ھەققەتەن مېنى تەسىرلەندۈردى ۋە قايىل قىلدى. دېمەك، ئەپەندىمدىكى تالانت، مۇھەببەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، مول تەجرىبە، بەدىئىي ماھارەت، مۇستەھكەم ئىشەنچ، ئالىيجاناب



مەدەنىيەت مەشئەلچىلىرى

خسلەت قاتارلىقلار ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى ھەقىقىي ئەڭگۈشتەر ئىدى. مۇشۇنداق ئىشەنچتىن، مۇھەببەتتىن، ئۆزىنى سەنئەتكە بېغىشلاش روھىدىن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ بىر مۇنەۋۋەر ئوغلانى يېتىشىپ چىقتى. يۇرتقا، ئاتا ـ ئانىسىغا، ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان خەلقىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرەلىگەن، يۈز كېلەلىگەن بىر مۇنەۋۋەر ئوغلان يېتىشىپ چىقتى. ئەپەندىم بىر ياخشى ئەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ رەپىقىسىگە مۇھەببەت بەردى ۋە سەنئەت نەتىجىلىرىنى ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىگە سوۋغا قىلدى. بۇ شان ـ شەرەپلەر شۇنداقلا ئائىلىسىنىڭمۇ شان ـ شەرىپى ئىدى. ئەپەندىم ياخشى بىر ئاتا بولۇش سۈپىتى بىلەن، پەرزەنتلىرىنىڭ قەلبىدىكى ئۈلگە ئىدى. مەيلى باللىرى قانداق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانسۇن، ئۇلارمۇ دادىسىنى ئۈلگە قىلىپ، ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، شىنجاڭنىڭ سەنئەت، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. غازى ئەھمەد مەكتەپتە مۇئەللىم بولدى، كەسىپتە ئۇستاز بولدى، نۇرغۇن بالىلارنى بايقاپ تەربىيەلىدى. ھەم بەزى ئوقۇغۇچىلارغا ئائىلىدە ياردەم بەردى. ئۇ فاكۇلتېت مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەندىمۇ، ھەممە كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى قىلدى. شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى بولغان ئون يىل ئىچىدە تىرىشىپ ئىشلەپ، كەلگۈسى ئۈچۈن، ھەر مىللەتتىن بولغان نۇرغۇن ئىختىساسلىق ئوقۇغۇچىلارنى يېتىلدۈردى. خىزمەتتىكى 40 يىل بىر كۈندەك ئۆتتى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى، مەنمۇ ئەپەندىمنىڭ ئەسەرلىرىدىن بەكمۇ ھۇزۇرلىنىپ ياشىدىم. بۇ ئەسەرلەر مېنىڭ ئىجادىيىتىمگىمۇ تەسىر قىلدى. مەن ھېس قىلمىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلدۇردى. بەزىدە ئەپەندىم بىلەن يىغىنلاردا، سورۇنلاردا بىللە بولۇپ قالىمەن. ئەپەندىمنىڭ ئاقىلانە بايانلىرىنى ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلايمەن. نەتىجىدە مۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلىپ قالىمەن: ئەپەندىم پىشقان، ئاق كۆڭۈل، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن داڭلىق سەنئەتكار ۋە ئەدىب، ئەركەكلىكنىڭ ئۈلگىسى، زامانىمىزدىكى سەنئەت ئارقىلىق ئۆزىنى ياراتقان ئەزىمەتلەرنىڭ سەركىسى.

ئەپەندىمنىڭ ئاساسىي ئەسەرلىرىدىن «ناھەق ھۆكۈم» (1964 ـ يىلى) جۇڭگو گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىخانىسى تەرىپىدىن ساقلانغان، ئەپەندىم مۇشۇ ئەسىرى بىلەن داڭ قازانغان. بۇ ئەسەر 1982 ـ يىلى پارىژ باھار پەسلى سالون كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلغان. «مەھمۇد كاشغەرىي» (1981 ـ يىلى) مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىپ، 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بۇ ئەسەرنى بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيى ساقلىغان. «مۇقام» (1984 ـ يىلى) مەملىكەتلىك 6 ـ نۆۋەتلىك رەسىم كۆرگەزمىسىدە كۈمۈش مېدالغا ئېرىشىپ، جۇڭگو گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىخانىسىدا ساقلانغان. 1987 ـ يىلى موسكۋادا كۆرگەزمىگە قاتناشقاندا، ناھايىتى ياخشى باھاغا ئېرىشىپ، مۇتەخەسسىسلەر موسكۋادىكى كەسپىي ژۇرنال «ئىجادىيەت»تە ماقالە ئېلان قىلىپ، يۇقىرى باھا بەرگەن. «گىلەم. ئۇيغۇرلار» (1987 ـ يىلى) مەملىكەتلىك 1 ـ قېتىملىق ماي بوياق رەسىملىرى كۆرگەزمىسىنىڭ ياپونىيە ـ جۇڭگو ھازىرقى زامان ماي بوياق رەسىملىرى كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىپ، ياپونىيە يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن ساقلىنىلغان. شۈبھىسىزكى، بۇ ئەسەرلەر دەۋر بۆلگۈچ نادىر ئەسەرلەر بولۇپ، ئەپەندىمنىڭ بەدىئىي ھاياتىنىڭ يۈكسەك پەللىسى ئىدى.

غازى ئەھمەد ئەپەندىم خىزمەتتە، ئادىمىيلىكتە، ئۆزى بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرگەن، كەسىپ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا، ئۆزىنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى مۇستەھكەملەش، جاھان تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، ئىلغار مەدەنىيەتلەرنىڭ جەۋھەرلىرىدىن ئۈلگە ئېلىش جەھەتلەردىمۇ كۆپ ئەجىر قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت يولىنى تاپتى، تەپەككۇر يولىنى بېيىتتى. ئەسەردىكى مۇۋەپپەقىيەت، ئەمەلىيەتتە ئىدىيە، پىكىر جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ئىدى. شۇنداقلا بەدىئىي ئۇسلۇبتىكى مۇۋەپپەقىيەت ئىدى. بۇ يەردىكى ئاساس، ئەپەندىمنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىم ساپاسىدا ئىدى. بۇ، ئەپەندىمنىڭ ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر سىر ئىدى. جاھاننىڭ ھەممە يوللىرىدا، دوقمۇشلىرىدا پىشىپ تاۋلىنىپ يېتىلگەن غازى ئەھمەد ئەپەندىم شۇنى ئوبدان بىلىدۇكى، جاھاندا بەدەل تۆلىمەيدىغان گۈل يوق. ئاسماندىن پوشكال يېغىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ بىزگە ئۆزى چۈشۈپ بەرمەيدۇ. بىر ئۆمۈر ئۆگىنىش، بىر ئۆمۈر ئىجادىيەت قىلىش بولسا، غازى ئەھمەد ئەپەندىدىكى ئاساسىي خىسلەت ئىدى.

غازى ئەھمەد ئەپەندى 1933 ـ يىلى قەشقەردە تۇ-

غۇلغان، 1957 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ سەنئەت فا-
كۇلتېتىنى پۈتكۈزگەن، دۆلەت دەرىجىلىك ئالاھىدە تۆھ-
پىگە ئىگە مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس، ئۇ ئارامغا چىقىش
ئالدىدا، جۇڭگو گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئا-
ۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدە-
بىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بىز ئەپەندىمنىڭ ھاياتى بىلەن
تونۇشۇپ چىقساق، ئۇنىڭ يېڭى تۇرمۇش، يېڭى جۇڭ-
گوغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى بىلەلەيمىز. ئۇ زور ھە-
جىملىك ئەسلىمىسى «ھاياتىمدىكى ئۈچمەس سۈرەت-
لەر»دە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «كونا جەمئىيەت
مۇدھىش، دەھشەتلىك ئىدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان
دەسلەپكى چاغلاردا شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا يەنىلا
ئېچىنىشلىق ئىشلار مەۋجۇت ئىدى، بۇ خۇددى ئىللىق
ئەتىياز كەلسىمۇ، تەسكەي جايلاردا قار ئېرىمىگەندەك
بىر ئەھۋال ئىدى. شۇڭا مېنىڭ كېيىنكى باللىق ھاياتىم
ئاشۇنداق ئۆتكەنىدى، مەن بۇلارنى راستىم بىلەن
يازدىم. ئىنساننىڭ ئەسلي ماھىيىتى ياخشى بولىدۇ.
شۇڭا ئۆگەي ئانىلارنىڭ ھەممىسىلا يامان بولمايدۇ،
لېكىن مېنىڭ دەسلەپكى ئۆگەي ئانام رەھىمسىز چىقىپ
قالدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئىشلارنىمۇ راستىنى
يازدىم». بۇ ئەسەردە ئەپەندىم ئۆزىنىڭ جاپالىق بالى-
لىق ھاياتىنى، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى، ئوقۇش يولىدىكى
ئەجىر، قىيىنچىلىقلىرىنى، ئانا مېھرىسىز چوڭ بولغان
مىسكىن كۈنلىرىنى ناھايىتى چوڭقۇر تەسۋىرلىگەنىدى.
رەسسامنىڭ كىشىلىك ھايات مۇساپىسىدىكى باتۇرلۇقى،
ھايات مۇھەببىتى، مۇستەھكەم مەنىۋى غۇرۇرى، ئوقۇر-
مەننى ھەقىقي تەسىرلەندۈرەتتى. 2010 ـ يىلى، بۇ ئەسلە-
مە نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، مەن خەنزۇچە بىر ماقالە
يازغانىدىم. مەقسەت بۇ ئەسەرنى خەنزۇ ئوقۇرمەنلەرگە
تونۇشتۇرۇش ئىدى. ماقالىدە مۇنداق تەھلىللەر بار
ئىدى: «مۇشەققەتلىك شارائىت مۇستەھكەم غازى
ئەھمەد ئەپەندىنى ياراتقانىدى، مانا بۇ ئۇنىڭ دەسمايە-
سى ئىدى. ئۇ خەلق رەسسامى بولۇش سالاھىيىتى
بىلەن، بىر كىتاب بىلەنلا يازغۇچى بولۇپ كەتكەن
تالانت ئىگىسى ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ جاپالىق يىللار،
ئۇنىڭ بۈگۈنكى بەختىگە ئايلاندى، ئاپتور ئۆگەي ئانە-
سىنىڭ ئۇنىڭ سەبي قەلبىدە قالدۇرغان جاراھەتلىرىنى
قەلىمىگە ئالغان، ئۆگەي ئانىنىڭ ئەسكىلىكى، ئۇنىڭ
ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى خۇشاللىقنى دەپنە قىلىۋېتىدۇ،
ئانا مېھرىگە قانماي چوڭ بولىدۇ، دادىسى كۈندە جاما-
ئەت ئىشلىرى بىلەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدۇ،
مۇشۇ كۈنلەر ئاپتورنىڭ غۇبارسىز قەلبىگە قاتتىق تەسىر
قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاپتورنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ
كەتكەن ئاشۇ سەرگۈزەشتىسى ئۇنىڭ جاھان ئىشلىرىنى
بىلىشىگە تېخىمۇ زور پۇرسەت بەرگەنىدى. ئۇ يالغۇزچە-
لىقتا، نۇرغۇن جەھەتتە ئىش بىلىپ، ئىش ئۆگىنىپ، جەم-
ئىيەتنى، ھاياتنىڭ ئاچچىق ھەم تاتلىق تەرەپلىرىنى چۈ-
شەنگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئاپتورنىڭ مۇشۇ سەرگۈزەشتىلە-
رى بىر يازغۇچىغا خاس سەرگۈزەشتە ئىدى».

غازى ئەھمەد ئەپەندى مۇستەھكەم مەنىۋى روھقا
ئىگە ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسى ئىدى. ئۇنىڭ-
غا كۈچ تولۇقلايدىغان كۈچ ئىدى. ئۇنىڭ غەيرىتى، بە-
لىمى، مۇھەببىتىنىڭ باش تېمىسى ئىدى. ئۇ ئىزدىنىشتىن
يانمايتتى، ئۆزىنى ئىشقا سالاتتى، ئۆزىنى تەربىيەلەيتتى،
ئۆزىگە ئىشىنەتتى، تۇرمۇشقا ئىشىنەتتى، كەسىپتە، ئىجتە-
مائىي تۇرمۇشتا، ئۆزىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەيتتى. كىچىكە-
لىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئۆگىنىش
ئىدى، رەسىم سىزىشنى بەك ياخشى كۆرەتتى، ئاخىرقى
ھېسابتا، ئەجىر ۋە يىللار ئۇنىڭ ئارزۇسىنى يەردە قويـ-
مىدى.

بۈگۈنكى زامان رەسساملىرىمىز ئىچىدە، تەپەككۇر،
ماھارەت، بىلىم جەھەتتە، غازى ئەھمەد ئەپەندى
سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان ئۇستاز رەسسام، ئۇنىڭدىكى
مۇشۇنداق ماھارەتنىڭ ئاساسى نېمە؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭ
مول كەسپي بىلىمى، ئۇنئۇپرسال تۇرمۇش تەجرىبىسى،
مۇستەھكەم مەدەنىيەت ئاساسى، كۆپ خىل مەدەنىيەت
جەۋھەرلىرىنىڭ ياردىمى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە قارىشى. بۇ
يەردە شۇنى ئېيتقۇم كېلىۋاتىدۇ، ئەپەندىمنى ياراتقان
يەنە بىر نەرسە ئۇنىڭدىكى تۇغما تالانت. مېنىڭچە بۇ
سۆز، ئەپەندىمنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئۆيىدىن
چىقىپ كېتىپ (ئۆگەي ئانىسىنىڭ قىيىنغىنىغا چىدىماي)
ئاقسۇدا ناۋايخانىدا ئىشلەۋاتقاندا نان ئالغىلى كەلگەن
ئاشۇ ئوقۇغۇچىلارغا سىزىپ بەرگەن بىر پارچە رەسىم
گۇۋاھ بولالايدۇ. ئەپەندىم ئۆگىنىشكە ماھىر ئادەم، ئۆ-
گىنىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەختىنى ياراتقان ئەقىل ئىگە-
سى، ئۆگىنىش، ئىجاد قىلىش، تۆھپە يارىتىش، ئۇنىڭ
ئەڭ ياخشى خىسلىتى ۋە مىجەزى، ھەم مۇشۇ پەزىلەتلە-

رى بىلەن بىزگە ئۆلگە. مانا مۇشۇنداق ئەقىل ۋە پە
كىرلەر، پۇختا قەدەم بىلەن ئىش قىلىدىغان ۋە ئىلگىرى ـ
لەشنى بىلىدىغان، ھەم ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلىدى ـ
غان مىجەز ئىستىلى، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى «ئۆچمەس سۇ ـ
رەتلەر»نى ياراتقان، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك بەدىئىي ھاياتىنى
ياراتقان. ئۇنىڭ رەسىملىرىدە بولسۇن، ئەدەبىي ئەسەر ـ
لىرىدە بولسۇن، شېئىرلىرىدا بولسۇن، ھامان بىر خىل
سەممىيلىك، گۈزەللىك، ئالىيجاناب روھ، كەيپىياتلار
ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىدا قامچىمۇ بار
ئىدى، «ناھەق ھۆكۈم» يەرنىمۇ قامچىلاپ ماڭغانىدى.
«مۇقام»غا كەلسەك، ئۇ ئاز كۆرۈلىدىغان تالانتنىڭ
مەھسۇلى ئىدى. كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان رى ـ
ۋايەت ئىدى. شۇنداقلا ئەپەندىمنىڭ ئېستېتىكا قارىشى ـ
نىڭ بەلگىسى ئىدى. بىر رەسىمدە، شۇ مىللەتنىڭ بەدى ـ
ئىي دۇنياسىنى يورۇتۇپ بېرەلىگەن رەسسام، زىممىسىگە
ئېغىر يۈكلەرنى ئالغان رەسسام بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى
دۇنياسى غايەت زور مۇھەببەتكە تولغان بولىدۇ، ئۇ ئۆ ـ
زىدىن ھالقىغان بىر ئەقىل ئىگىسى بولىدۇ. بىز بىر رە
سىمنى ياخشى كۆرۈمىز، چۈنكى شۇ رەسىمدە، ھاياتلىق ـ
نىڭ، تۇرمۇشنىڭ كۆپ تەرەپلىملىك ئەقىل ـ پاراستى ۋە
تەجرىبىلىرى ئىپادىلەنگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ھاياتنىڭ
ئاچچىق ـ تاتلىق تەرەپلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. نەتىجى ـ
دە، بۇ ئەسەرنى يەنە مەدەنىيەتنىڭ ۋە مۇھەببەتنىڭ
كۈچلىرى ئەسەر قىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن «مۇقام».

مەن تۇنجى قېتىم «ناھەق ھۆكۈم»نى كۆرگەندە،
ئەسەردىكى روشەن پىكىر ۋە بەدىئىي خاسلىق مېنى
مەھكەم ئەسىر قىلىۋالغانىدى. ئەلۋەتتە، بۇ بىر ناھەق
ھۆكۈم ئىدى. خەلقنىڭ غەزىپى ئۈستىگە چىقىرىلغان
ناھەق ھۆكۈم ئىدى. رەسسام ئۆزىنىڭ بەدىئىي ماھارى ـ
تى ۋە ھېسسىياتىغا ئاساسلىنىپ، رەزىل كۈچلەرنىڭ
ئەپت ـ بەشىرىسىنى يىرتىپ تاشلىغانىدى. بايلار بىلەن
ناھەق ھۆكۈم چىقارغۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى پاسكىنچىلىق ـ
لار ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا، كۆزلىرىدە پۇراپ تۇراتتى.
ھەتتا ھېلىقى غالجىر ئىتنىڭ كەيپىياتىدىنمۇ ئەسكىلىك
چىقىپ تۇراتتى. ئەسەردە رەسسام ھەر خىل پېرسوناژ ـ
لارنىڭ كەيپىياتى، ئىچكى دۇنياسىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقى ـ
يەتلىك ئىشلەپ چىققان. بۇ تەرەپلەر ئەسەردىكى روشەن
مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بىرسى ئىدى. ئەسەردە، ھەممە پېر ـ
سوناژلار روھىي كەيپىياتى ناھايىتى جانلىق چىققانىدى.

غەزەپ ئىچىدىكى ئاما گەپ قىلالمايتتى. چىشلىرىنى
چىشلەپ قالاتتى. ئېشەككە مىنىۋالغان ھېلىقى بوۋاي
غەزەپ ئىچىدە ئويلىنىۋاتاتتى، ئۆزى ئۆزىگە سوئال قو ـ
ياتتى: «ئاھ ئىگەم، نېمىدېگەن ناھەقچىلىك بۇ، ئاجىز ـ
لار قاچانغىچە يىغلايدۇ؟» لېكىن ئۇ جاۋاب تاپالمايتتى.
ئېشەكنىڭ چولۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرغان نەۋرىسى يەردە
سۆرۈلۈۋاتقان قىزغا قاراپ ئىچ ئاغرىتاتتى. ئىچىدە
«ئۇلار نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدۇ» دەپ قايغۇراتتى.
تى. ئەتراپتىكى نۇرغۇنلىغان قارا كۆزلەردىن ئوت چىقىپ
تۇراتتى. يىللار ئۆتتى، بۇ يۈرەك ئوتلىرى ئاخىرقى ھې ـ
سابتا، يىللارنىڭ ئالقىشى بىلەن غايەت زور ئوتقا ئايلان ـ
دى. كونا جەمئىيەت گۇمران بولدى. بوۋىسىنىڭ ئېشى ـ
كىنى يېتىلەيدىغان ئاشۇ بالا، يېڭى زاماننىڭ شەپقىتىدە،
غۇرۇرغا، يېڭى تۇرمۇشقا، كەلگۈسىگە ئىگە بولالىدى.
ئەمەلىيەتتە بۇ رەسىمنى ھېكايە قىلىپ ئوقۇغۇلىمۇ بولى ـ
دۇ. رەسىمنىڭ قۇرۇلمىسى، ئۆزلىرىگە خاس پېرسوناژ ـ
لارنىڭ ھېسسىياتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان غەزەپلەر ۋە
جانلىق ئىبارىلەر، ئوخشىمىغان رەڭلەر ئىچىدىن ئۇرۇ ـ
لۇپ چىقىۋاتقان نارازىلىق بىلەن غەزەپلەر، ئۇلار ئارزۇ
قىلىۋاتقان ھەقىقەت ئىدى. ھېكايىنىڭ جېنىغا جان بولى ـ
دىغان ئالامەتلەر ئىدى. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق سەتچى ـ
لىك ناھەقچىلىكنى كىشىلەرگە كۆرسىتىمىز؟ بۇ يەردىكى
مەقسەت جاھاندىكى رەزىللىكنى قامچىلاش. ئادەمنىڭ
ئەسلى ماھىيىتى ئاق كۆڭۈللۈك، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ
ئورتاق ئاساسىي ئەلۋەتتە. بۇ يەردىكى بەدىئىي ئۇنۇم،
رەسسامنىڭ كەسپىي ماھارىتى بىلەن پەلسەپە ۋە قارىشى ـ
نى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، يەنە شۇ ئېشەك يېتىلەيدى ـ
غان بالىنىڭ مىسكىن ئوبرازى ئارقىلىق، شۇ دەۋرنىڭ
قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئېچىپ بەرگەن. بۇ ئەسەردە
رەسسام ئۆزىنىڭ سەنئەت دادىللىقىنى تولۇق نامايەن
قىلغان. چىن نەرسە، ئەزەلدىن ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تىتى ـ
رىتىدۇ.

يېڭى زاماننىڭ پەردىسى ئېچىلدى، غازى ئەھمەد
ئەپەندى يېڭى دەۋردە يېڭى ئەسەر يارىتىش يولىدا، ئا ـ
قىلانىلىك بىلەن ئۆزىنى بايىقدى. ئۇ ئاقىلانىلىك يەنە
ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ دۇردانىلىرى ـ
نى تونۇتتى. مانا بۇ مەڭگۈلۈك «مۇقام» ئىدى. ئۇزاق
يىللاردىن بېرى مەنۋىيىتىمىزگە ئوزۇق بولۇپ كېلىۋات ـ
قان ئەڭگۈشتەر ئىدى. ئەپەندىم نەتىجىدە «مۇقام» ئا ـ

بىدىسنى تۇرغۇزۇش ئارزۇسىغا كەلدى. نەتىجىدە ئۇ
خوتەنگە كەلدى. بۇ مۇھەببەت مۇنبەت ماكاندا، ئۆزىنى
توختىتىۋېلىپ، قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى مۇقام ئۇستازلىرى
بىلەن مۇڭدىشىشقا باشلىدى. ۋاقىتتىن، پەلسەپىدىن،
ئەخلاقتىن، پىسخىكىدىن، مىللەتشۇناسلىقتىن، تېخنىكا -
ماھارەتتىن، رەڭ ئىلمىدىن، قۇرۇلمىدىن، رەسىم تىلى-
دىن مەنىۋى دىت بىلەن كۆركەم بەدىئىي ئۇنۇم، مەڭگۈ-
لۈك مۇھەببەت ئىزدىدى. 1984 - يىلى، ماي بوياق
رەسىم «مۇقام» قاراقاشتا دۇنياغا كەلدى. مېنىڭ «دۇن-
ياغا كەلدى» دېگەن بۇ سۆزنى ئىشلىتىشىمدىكى
سەۋەب، نۇرغۇنلىغان كۆرۈرمەنلەرنىڭ كۆڭۈل سۆزلى-
رىنى يەتكۈزۈشمۇ ئىدى. 30 نەچچە يىلدىن بېرى، بۇ
رەسىم نۇرغۇن قەلبلەرگە ئىلھام بەردى. ئۇلارغا ھەق-
قىي بەدىئىي ئوزۇق بەردى. سەنئەتنىڭ مۇھەببىتى،
كۈچى، رەسسامغا يۈكسەك ئابرۇي ئاتا قىلدى. قاراقاش
ناھىيەسى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ خىزمەتچىسى غازى ئەھمەد
ئەپەندىمنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى
ئاڭلاپ، قوي سويۇپ ئۇستازىنى مېھمان قىلماقچى
بولدى. رەسسام: «ئالدىرىمايلى، مەن ئالدى بىلەن ئې-
شىمنى پۈتتۈرەي» دېدى. چۈنكى بۇ «ئىش» رەسسامە-
نىڭ ئۇزاق يىللىق ئارزۇسى ئىدى. رەسسام بالا ۋاقتلى-
رىدىن باشلاپ، مۇقام مۇڭلىرىنىڭ پەيلىشى، ئىلھامى ئى-
چىدە چوڭ بولغانىدى. ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان،
ھاياتى ئىلھام بېرىدىغان، سىرلىق، گۈزەل مەنىۋىيىتىمىز-
گە مەنىۋىيەت بېرىدىغان، ئادەمنى ئالىيجانابلىققا باشلاي-
دىغان مۇقام مۇڭلىرى، ئەپەندىمنىڭ مەنىۋىيىتىدىن بىر
كۈنمۇ يىراق بولمىغان. رەسسامىمىز تولۇق تەييارلىق
كۆرۈپ بولغانىدى. كەسپىي ماھارەت جەھەتتە، گۈزەل
سەنئەت پىسخىكىسى جەھەتتە، بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەت-
تە، پېرسوناژلار ئوبرازى جەھەتتە، قۇرۇلما جەھەتتە
ئەڭ ياخشى تۈيغۇ ھېسسىياتقا كېلىپ بولغانىدى. بۇ ئار-
قىلىق ئۇ مەنىۋى جەھەتتە ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قولىغا
ئالغانىدى. بۇنىڭغا ئاساس بولۇپ تۇرۇۋاتقان پەلسەپە،
ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى مىننەتدارلىق ئىدى. خەلققە
رەھمەت ئېيتىشتىن ئىبارەت ئالىيجانابلىق ئىدى. شۇ
كۈنلەردە، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى يۈسۈپجاننىڭ ھېلىقى
مەرەپ كېتىۋاتقان قويىمۇ بۇ كاتتا ئەسەرنىڭ پۈتۈشىنى
كۈتۈپ تۇراتتى. رەسسام قولىغا قەلەمنى ئالدى. ۋاقىت
بۇ سۆيۈملۈك رەسسامنى ھۆرمەتلەيتتى. بۇ غايەت زور
ئوي - تەپەككۇرنى ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىگە سوۋغا قىلغانە-
دى. ئەپەندىم ئۆزىنىڭ بارلىق ماھارىتى بىلەن تەجرىبە-
سىنى ئىشقا سالدى، نەتىجىدە بۇ مۇنەۋۋەر ئەسەر دۇنيا-
غا كەلدى. 1000 يىللىق مۇقام بىلەن 1000 يىللىق
قەلب سادا مۇساپىسىنى رەخت يۈزىگە ئابىدە قىلدى.
ئۇنى كىشىلەرنىڭ ھوزۇرىغا، تەستىقىغا، رەھمىتىگە، ئوي -
پىكرىگە، خاتىرىسىگە سۇنۇپ، بىزگە ئارام مۇھەببەت،
شاد مۇڭ بېرىدىغان مۇقام تۇرمۇشىنى سوۋغا قىلدى. بۇ
يەردىكى يەنە بىر قىممەت، رەسسام مۇقام ئۇستازلىرى،
مۇقام خەلقى، مۇقام مەستانىلىرى ئۈچۈن ئابىدە تۇر-
غۇزغانىدى. رەسىمدىكى ھەر بىر پېرسوناژ، سەككىز
ياشتىن 80 ياشقىچە بولغان تاماشىبىنلار بىلەن ئورۇنلىغۇ-
چىلارنىڭ ھەممىسى، ئاددىي پۇقرالاردىن ئىدى. ھېچقان-
داق بىر تارىختا ئاتىلىپ كېلىۋاتقان مەشھۇر سەنئەتكار-
لاردىن ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ
كەينىدىكى نەرسە، ئاپتورنىڭ روشەن پەلسەپىۋى ئىدد-
يەسى ئىدى. ھەقىقىي مۇڭ ئاھاڭلارنى خەلق ياراتقانە-
دى. گۈزەللىك، ياخشىلىقنىڭ ئاساسى خەلق ئىدى. مانا
بۇ ئۇلۇغ ھەم مەڭگۈلۈك كۈچ ئىدى. نەتىجىدە بىزنىڭ
قەلبىمىزدىن ئورۇن ئېلىپ بولغان جانلىق، يېقىملىق،
مەڭگۈلۈك ئوبرازلار بارلىققا كەلدى. بىز نېمە ئۈچۈن
بۇ ئەسەرنى ياخشى كۆرىمىز؟ چۈنكى بۇ رەسىم ئاۋامغا،
مۇقامغا، خەلققە ۋەكىللىك قىلالىغان. بۇ ئەسەرنىڭ ئال-
دىدا تۇرغان ھەر بىر ئادەم، ئۇنىڭدىكى ھايات مۇساپە-
سىدىن ئۆزىنىڭ قەدەملىرىنى، ئۆتكەن كۈنلىرىنى ۋە ھا-
زىرقى ھالىتىنى كۆرەلەيدۇ. ئۆزىنىڭ شانلىق، تاتلىق،
مەغرۇر، شەرەپلىك، ئۆزىگە يۈز كېلەلەيدىغان كۈنلىرى-
نى تاپالايدۇ. مېنىڭچە سىر مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك.
بۇ ئەسەردىكى ئاساسىي مېلودىيە ھاياتنى مەدھىيەلەش
ئىدى. ھەر قېتىم مەن مۇشۇ ئەسەرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ
ئوي - پىكىر قىلغىنىمدا، ئوخشىمىغان يېڭى - يېڭى تەسە-
راتلارغا ئىگە بولۇپ قالاتتىم. بىر خىل ئالىيجاناب
مۇڭلار مېنى ھاياجانغا سالاتتى، يېتەكلەيتتى. بۇ ھېسسى-
ياتلار بەكمۇ نازۇك، مۇڭلۇق، قىممەتلىك ھەم سىرلىق
ئىدى. بۇلار مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىمگە پايدىلىق
نەرسىلەر ئىدى. دېمەك، سەنئەت، مۇزىكا، ئىنسانىيەت-
نىڭ بەختىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ھەم ئىنسانىيەتنىڭ
ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. جۇڭگو ماي
بوياق رەسىمى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى،

ماي بوياق رەسىم ئىجادىيەت پېشۋاسى چۈن شەنشى ئەپەندىم غازى ئەھمەد ئەپەندىمنىڭ ماي بوياق ئەسەرلىرىگە باھا بېرىپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ: «غازى ئەھمەدنىڭ ئىجادىيىتى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، كىشىلەر مەيلى ئۈرۈمچى چوڭ بازىرىدا بولسۇن ياكى يېزا-بازارلاردا بولسۇن ياكى بازار، شەھەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىدە بولسۇن، غازى ئەھمەدنىڭ ئەسەرلىرىنى تۈرلۈك تاۋارلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن ئەھۋاللارنى كۆرەلەيدۇ، خۇددى بىز ئىتالىيەگە بارغاندا ھەممە يەردە مىكەيلاڭېلونىڭ ‹داۋىي›، داۋىنچىنىڭ ‹موننالىزا› ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ تۈرلۈك ساياھەت تاۋارلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن ئەھۋاللارنى كۆرىمىز. گوللاندىيەگە بارغاندا رىمبرانىڭ ‹كېچىدىكى چارلاش›، ۋەنگونىڭ ‹ئاپتاپپەرەس› ناملىق ئەسەرلىرىنى كۆرىمىز، بۇلار ئۇلارنىڭ ‹تۇتىيا›سىغا ئايلىنىپ كەتكەن. دېمەك، غازى ئەھمەد شىنجاڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزىنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسىنى ياراتتى».

مەن تۇنجى قېتىم «مۇقام»نى كۆرگەندە، پۈتۈنلەي بۇ ئەسەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدىم، ۋاقىت توختاپ قالغانىدى. مېنى ئەسەردىكى جانلىق، روشەن، مۇستەھكەم ئوبرازلار بىلەن بەدىئىي كۈچ ئەسىر قىلغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قان-قېنىغا تولۇپ تۇرغان جانلىق ئادەملەر ئىدى. يولىنى تاپسىڭىز، ئۇلار سىز بىلەن مۇڭدىشالايتتى. ئۇ ياز كۈنى ئىدى. مەن ئىلى دەرياسىدىكى بىر ئارامگاھقا كېلىپ، خالىي بىر ئورۇندا ئەسەر يازماقچى بولغانىدىم، چۈش بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، مەن كەلگەن ئورۇندا تېخى خېرىدار يوق ئىدى. بۇ ئورۇنغا ئاساسەن كەچتە ئادەم يىغىلاتتى. مەن بىر قاچا لەڭمەن بۇيرۇتقانىدىم. تاماقتىن كېيىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسام، كۆز ئالدىمدا بەكمۇ يوغان بىر رەختكە چۈشۈرۈلگەن «مۇقام»نى كۆردۈم. بۇ رەسىم سەھنىنىڭ ئارقىسىغا كۆرۈنۈش قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. مەن ئورنۇمدا ئولتۇرۇپلا قالدىم. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن، بىر مېھماننىڭ كېلىشى بىلەن، ئېسىمگە كەلدىمدە ئورنۇمدا قېتىپ قالغىنىمنى ھېس قىلدىم. ئەسەردىكى ھەر بىر پېرسوناژلارنىڭ روھىي كەيپىياتى شۇ قەدەر جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ، راست ئادەملەردەك كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. كىيىملىرى شۇ قەدەر ياراشقان، قامەتلىك، ھەقىقەتەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ۋەكىللىك ئوبرازى ئىدى. گۈزەللىك ئىچىدىن بىر خىل تۇرمۇش ھېكايىسى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئەسەرنىڭ ئوتتۇرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاقساقال بوۋاي، ئەسەردىكى مۇھىم پېرسوناژ ئىدى. بوۋاي پۈتۈنلەي مۇڭ دۇنياسىغا چۆكۈپ كەتكەنىدى. بوۋاينىڭ كۆپنى كۆرگەن ھالىتى، كەيپىياتى، پېشانىسىدىكى قورۇقلاردىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان يىللار ھەسرىتى ۋە مۇڭلىرى، مۇقامغا بېرىلىۋاتقان روھىي ھالىتى، مۇڭ ئىچىدىكى ئىشەنچىسى تاتلىق جاھان ئېقىنلىرىدا ئاقاتتى. مانا بۇ بىر تولۇق، پىشىپ يېتىلگەن، ھاياتى مۇقام ھاياتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بىر ئەزىمەتنىڭ ئوبرازى ئىدى. شۇنداقلا رەسسامنىڭ قەلبىدە ئۇزاق يىللاردىن بېرى تاۋلىنىۋاتقان بىر پېرسوناژ ئىدى. خەلق مۇقام سەنئەتكارلىرىنىڭ ۋەكىلى ئىدى. شۇنداقلا رەسسامنىڭ ئۇزاق يىللار ئىچىدىكى مۇقام پېشۋالىرىغا، خەلققە تۇتقان بىر سوۋغىسى ئىدى. بوۋاينىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كەتمەن ساقاللىق داپچىنىڭ ئوبرازىمۇ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانىدى. بۇ بىر تېتىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەمنىڭ ئوبرازى ئىدى. ئۇنىڭ قولى داپتا، بېشىنى بوۋاينىڭ قۇلىقىغا كەلتۈرۈپ گوياكى بوۋايغا «ئۇستاز، ئويۇنىمىزغا ئوت كەتتى، ئوت!» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىكەنكى، بۇ داپچى مۇشۇ مۇقامچىلار ئارىسىدىكى يىگىت بېشىدەك بىر ئادەم ئىدى. مۇشۇ داپچىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان غېجەك تارتىۋاتقان يىگىتنىڭ روھىي كەيپىياتىمۇ ناھايىتى ياخشى چىققانىدى. بۇ بىر مەردانە، ئادەمگە ئىسسىق كۆرۈنىدىغان، مۇقام تۇرمۇشىنى سۆيىدىغان ئەزىمەت ئىدى. ئۇ سەنئەتكارلارغا خاس كەيپىياتتا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن مۇقام مۇڭ تەرتىپلىرىگە ماسلىشىۋاتاتتى. بۇ ئوبراز ئادەمگە زوق بېرەتتى. ياخشى ئىشلەنگەن ئوبراز ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ رەسسامنىڭمۇ ياخشىلارغا بولغان بىر ئۈمىدى ئىدى. كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىسى ئىدى. رەسسام خۇددى «ئوغلۇم، بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ياشا، ئالدىڭغا قارا، ئۈمىدلىك بول، ئۆزۈڭگە ئىشەنسەڭ مۇرادىڭغا يېتىسەن»

دېگەندەك قىلالتتى. تۇرمۇشتا، ئۇلتۇرۇشلاردا، خەلق سەنئەتچىلىرى ئىچىدە، بىز دائىم مۇشۇنداق ئەقىللىق، تەربىيە كۆرگەن، ئادەمگە يېقىن تۇرىدىغان ئادەملەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ياخشى مىجەزى، ھەم ئۇلارنىڭ ھەققىي بايلىقى ئىدى. بىز بۇ ئەسەرنى، بىز يەنە رەسسامنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى مۇستەھكەم ئىنسانچىلىق بىلەن تۇرمۇش مۇھەببىتىنى كۆرۈۋالالايمىز.

غازى ئەھمەد ئەپەندىم جىق ئىش كۆرگەن ئەقىل ئىگىسى، شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە مۇشۇنداق ئادەمگە ھارارەت، ئىشەنچ بېرىدىغان ئوبرازلار بار. نېمە ئۈچۈن ئەپەندىمنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلار بىر - بىرىدىن پاكىز، يېقىملىق، كىشى قەلبىگە يېقىن؟ ئەپەندىمدىكى قابىلىيەت، ماھارەت ۋە بەدىئىي ئىپادىلەشتىكى خاسلىق ئەلۋەتتە مۇھىم بىر تەرەپ، يەنە كېلىپ ئۇ تۇرمۇشنى بىلىدۇ، سۆيىدۇ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھەرلىرىنى چۈشىنىدۇ. ھەم ھازىرقى زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ گۆھەرلىرىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇ ئادەم قەلبىدىكى ئارزۇ ئىستەكنى بىلىدۇ. قەدىمدىن كېلىۋاتقان بىر ئەمەلىيەت شۇكى، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى، مۇھەببىتىمىزنى، ئىشەنچىمىزنى، جاھانمۇ ئۇلاپ كېلىۋاتقان بىر نەرسە گۈزەللىك. مانا بۇ ئەڭ تاتلىق، مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت ئىدى. شۇنداقلا ئىنسان قەلبىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ئىدى. مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ئىدى. ئىنسانلار گۈزەللىككە ئېرىشىش يولىدا نۇرغۇنلىغان ئوڭۇشسىزلىقلارغا، چۈشكۈنلۈكلەرگە، جاپا - مۇشەققەتلەرگە، رەزىللىكلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئاخىرىدا بىزنى يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىدىغان نەرسە يەنە شۇ ئىنسان قەلبىدىكى مۇھەببەت ۋە يورۇقلۇق، بۇ ئەمەلىيەتتە قەلبىمىزدىكى چىراغ. غازى ئەھمەد ئەپەندىمنىڭ بىزگە سوۋغا قىلغان ھىممەتلىرى ئاز ئەمەس. سەنئەتنىڭ ھەققىي ماھىيىتى بىر قولىمىزنى چەكسىز گۈزەللىككە، يەنە بىر قولىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىككە ئۇزىتىشىمىزدا، دېمەك، ئەپەندىمنىڭ قابىلىيىتى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىدى.

«مۇقام»دا يەنە ئىككى ئايال سەنئەتكار سىزىلغان، بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ ئەپەندىمدىكى ئالاھىدە بىر ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن دۇتارچى ئايالنىڭ ئوبرازى بىر ئاق كۆڭۈل ئايالنىڭ ئوبرازى ئىدى. ھېلىقىدەك بىز ياخشى ئادەمنىڭ بالىسى دەيدىغانلارنىڭ ۋارىسلىرىدىن ئىدى. شۇنداقلا ئۇ يەنە خەلق ئىچىدىكى سازچىلارنىڭ ۋەكىلى ئىدى. بۇ ئوبرازلاردا مۇنداق بىر ئەمەلىيەت ۋە ھەقىقەت مەقسەت قىلىنغاندى. بىزنىڭ ئۇسسۇل، سەنئەت تۇرمۇشىمىزدا، جەمئىيەت ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە، ئەزەلدىن ئاياللارنىڭ ماھارىتى ئەقلىنى چەتكە قاققان ئەمەس، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە سەنئەت پائالىيەتلىرىدىكى خاس رولىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىمىزدىكى رولىغا ھۆرمەت قىلىش، ئەزەلدىن ئۇيغۇر تارىخىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى ئاساسىي بىر تەرەپ ئىدى. تارىختىكى ئامانىسساخاندىن ھازىرقى زامانىدىكى قەمبەرخان، پاشا ئىشان، پاتەم قۇربان قاتارلىق سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر ۋەكىللەر ئىدى.

«مۇقام»دا، رەسسام يەنە باللارنىڭ ئوبرازىنىمۇ سىزغان. بۇ تەرەپلەرمۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىدى. چۈنكى ئۇلار كەلگۈسىنىڭ ئىز باسارلىرىدىن ئىدى. رەسسام «ھاياتىمدىكى ئۈچمەس سۈرەتلەر» دېگەن ئەسلىمىسىدە، بالا چېغىدا دادىسى ئۇنىڭ خەتنە تويىنى قىلىپ، مېھمان چاقىرىپ، مۇقام سەنئەتكارلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، يۇرتقا چاي بەرگەندە، سىرلىق مۇقام مۇڭلىرى قان - قېنىمغا سىڭىپ كەتكەن، دەپ يازغانىدى. دېمەك، رەسسامنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى مۇقام مۇھەببىتى، شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلارغا سىڭىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن بېرى، مەھەللىلەردە، تويلاردا، خەتنە تويلىرىدا، مەشرەپلەردە، ھېيت - بايراملاردا، مۇقام مۇڭلىرى ئۇنىڭ ياش قەلبىگە ئوزۇق بولۇپ كەلگەنىدى. دېمەك، رەسسام مۇشۇ ئەسىرى ئۈچۈن، ئۇزاق يىل تەييارلىق قىلغانىدى. مەنىۋى دۇنياسىدا، بۇ بۈيۈك ئەسەر ئاللىقاچان پۈتۈپ بولغانىدى. پەقەت 1984 - يىلى ئاندىن رېئال دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىنغان ئىدى. رەسسام مۇشۇ ئەسىرى ئۈچۈن، ئەدەبىيات، پەلسەپە، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، ئەخلاق - قائىدە، ئادەم بەدىنىنى ئاناتومىيە قىلىش، دىنىي مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ زور تەييارلىق كۆرگەنىدى. بۇلار بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا «مۇقام»غا قىممەت ئاتا قىلغانىدى. مۇقام بۈيۈك

مۈلك ئىدى، ئۇ ئەقىل خەزىنىسى ئىدى، قەلبلەر ۋارىسى ئىدى، ئەۋلادمۇئەۋلاد ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان يۈرەك ساداسى ئىدى، مەدەنىيەت تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەڭگۈشتەرى ئىدى. شۇنداقلا بۇ ئەسەر 2005 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنى ئىلتىماس قىلىش خىزمىتىدە يوللىنىلغان كىتابىنىڭ مۇقاۋىسىغا بېسىپ ئەۋەتىلگەنىدى. نەتىجىدە «ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرىشىشىدا، ئالاھىدە بىر خىزمەت كۆرسەتكەن ئەسەر بولۇپ قالغانىدى. دېمەك، «مۇقام» كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالغان مۇقام ئىدى، ھەم ئۇ ئاۋام ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان «مۇقام» ئىدى. مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۆچمەس چېرىغى ئىدى. دېمەك، غازى ئەھمەد ئەپەندى ئۆزىنىڭ «مۇقام»ى بىلەن ئەزىز بولدى.

مېنىڭچە، غازى ئەھمەد ئەپەندىمنىڭ ئەسەرلىرى ئادەمنى ئويغا سالاتتى. سىز مۇنۇ مەزمۇنلاردا ئويلىنىپ قالاتتىڭىز: ھە، ئەسلىدە، تۇرمۇش، مەدەنىيەت، كۈنلەر، ئايلار، يىللار، قولىمىزدىكى پۇرسەتلەر شارائىتىمىز، نېمە دېگەن يېقىملىق ھەم قىممەتلىك نەرسىلەر ھە، ئاندىن سىز رەسىمدە سىزىلغان ھەر بىر پېرسوناژلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىسىز، سىزدە بىر خىل ئالىيجانابلىق خىسلەت پەيدا بولىدۇ. سىز ھاياتنى تېخىمۇ كەڭ مەزمۇن بىلەن چۈشىنىپ قالىسىز، ئۆزىڭىزگە سوئال قويىسىز، بىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىمىزغا تەسىر قىلغان ۋە مەدەنىيەت ۋە مۇقام، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدۇ؟ ئاندىن سىز بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئىزدەيسىز، مۇشۇ جەرياندا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرگە ئىگە بولۇپ قالىسىز. مۇھەببەت تاپىسىز، ھەم زامانىۋى مەدەنىيەتكە قىزىقىپ قالىسىز. مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلىسىز. ئاندىن ئۆزىڭىزدىن سورايسىز، ئەمىسە مەن نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن؟ مەن ئاتا ـ ئانامغا، جەمئىيەتكە، مېنى بېقىپ ئادەم قىلغان خەلقىمگە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلىدىم؟ ئاندىن مۇشۇ سوئاللار سىزنى بىر ئەينەكنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى بىر كۆرۈۋالىسىز، ئاندىن بىر غەيرەتكە كېلىسىز. يىللار ئۆتىدۇ، سىزمۇ قىلغان ئىشىڭىزدىن رازى بولۇپ قالىسىز. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، غازى ئەھمەد ئەپەندىمنىڭ ئادەمنىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان، زوق بېرىدىغان، غەيرەت بېرىدىغان ئاشۇ ئەسەرلىرى بىر خىل ياخشى دەرسلىك ئىدى.


مەن غازى ئەھمەد ئەپەندىمنىڭ ھاياتىنى توختىماي تۆت پەسىل ئىچىدە ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈلگە ئوخشىتىمەن. يىللارغا سالام بېرىۋاتقان بۇ گۈللەر، نۇرغۇنلىغان قەلبلەرگە ئۈلگە بولدى، ئۇلارغا خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. ئەمەلىيەتتە قىيىنچىلىق، كۆڭۈلسىزلىك، بەڭباش يىللارمۇ بولغان. لېكىن، بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئىرادىسىنى يوقىتالمىدى. ئۇ ۋاقىت ئالدىدا بوش كەلمىدى.

غازى ئەھمەد ئەپەندىمنىڭ تەجرىبىسى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىدى. ئەقىل، مەدەنىيەت، ھۈنەر ـ سەنئەت، ئادەمگەرچىلىك، ئىززەت ـ ھۆرمەت دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاپقىلى بولاتتى. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئاساسى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىمىزنى بېيىتتى، زامانىمىزنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى خاتىرىلىدى، ئۆزىدىن، ۋاقىتتىن ھالقىپ، خەلققە رەھمەت ئېيتالىدى، مانا بۇ ئەڭ گۈزەل كىشىلىك ھايات ئىدى.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاتاقلىق يازغۇچى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب ـ ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى «غالىبىيەت» يولى 100 ـ نومۇر
ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 ـ 0991



# نەۋايى ۋە ئاباي

قالبەك سەيدانوۋ (قازاقستان)

(قازاقستان گۇمانتار پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، پىروفېسسور)

ئاباي قۇنانبايوۋنىڭ شۇنچىلىك زور شان - شۆھرەت-
كە ئېرىشىپ، قازاق پوئېزىيەسىنىڭ مەشئىلى، نۇرلۇق چول-
پىنىغا ئايلىنىشىغا، بولۇپمۇ شەرق شائىرلىرى، جۈملىدىن
ئەلىشىر نەۋايى ئەجداد دۇردانىلىرىنىڭ تەسىرى مۆلچەرلە-
گۈسىز دەرىجىدە چوڭدۇر، بۇ ھەقتە قازاقستان جۇمھۇرى-
يىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، يازغۇچى غابىت
مۇسرېپوۋ: «قازاقستاننىڭ ئىنقىلابتىن ئاۋۋالقى ئەدەبىياتى-
غا ئوتتۇرا ئاسىيا كىلاسسىكلىرى ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى نا-
ھايىتى چوڭ بولغان بولۇپ، دانىشمەن شائىر ئەلىشىر نەۋا-
يىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئالمىغان
شائىر يوق دېيەرلىك. يەنە كېلىپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتى-
مىزنىڭ بۈيۈك چوققىسى ئاباي قۇنانبايوۋمۇ نەۋايىنى ئۆ-
زىنىڭ ئۇستازى دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئىستېداتىغا
چوڭ ھۆرمەت بىلدۈرگەن» دەيدۇ.

شەرق شېئىرىيىتىدىن تەسىرلەنگەن ھالدا شېئىرلارنى
يېزىش پەقەت ئابايدىلا ئەمەس، بەلكى 19 - ئەسىردە
ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شەنگىرەي، شورتان-
باي، ئاقانسېرى، شائادى تۆرە جانگىرووۋ، بازار جىرووۋ،
قاراساقال ئېرىمبەت، قۇلۇنچاق، مالى خوجا، كەنجى خوجا
قاتارلىق قازاق شائىرلىرىدىمۇ بۇنداق ئەھۋال بولغان.
بىراق ئاباي قۇنانبايوۋ نىزامى، نەۋايى، فۇزۇلى، بابۇرلار-
نىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى
ئەسەرلەرنى، ئاجايىپ داستانلارنى ياراتقانلىقى بىلەن باش-
قىلاردىن خېلىلا ئۈستۈن تۇرىدۇ. شائىرنىڭ 1858 - يىلى
14 يېشىدا يازغان «فۇزۇلى، شەمسي، سايقالى» ناملىق
شېئىرى ئەنە شۇ كىلاسسىكلاردىن ئالغان ئىلھام ۋە ئىلمى-
نىڭ دەسلەپكى ھاسىلاتى ئىدى، ئەلىشىر نەۋايى بىلەن
ئاباي قۇنانبايوۋ ئىككى دەۋر، ئىككى خىل تارىخى، ئىج-
تىمائىي شارائىتتا ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەر، يەنى ئۇلارنىڭ
بىرى — ئەلىشىر نەۋايى ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىنىڭ تازا
گۈللەنگەن دەۋرى (15 - ئەسىر)دە تۆمۈرىيلەر شاھزادىسى-
نىڭ ئوردىسىدا ئۆمرىنى ئەل خىزمىتى ۋە بەدىئىي ئىجاد-
يەت بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسا، يەنە بىرى — ئاباي قۇنانبا-
يوۋ 19 - ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدا سەھرا خەلقى ئارىسىدا يا-
شىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتلى-
رىدە، ئەخلاقى، دىداكتىك قاراشلىرىدا بىر - بىرىگە يېقىن-
لىق ۋە ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى بايقاش قىيىن ئەمەس.
ئەلىشىر نەۋايى مۇئەييەن مەنىدە ھۆكۈمدار (ۋەزىر ۋە
ئاسترابات ھاكىمى) بولغانغا ئوخشاش، ئاباي قۇنانبايوۋمۇ
ھۆكۈمدار (ئاۋۇل ئاقساقىلى) ئىدى. شۇ سەۋەبتىن
بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىگىچە
خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن. ئادالەت، ھەققانىيلىق، ئىنسا-
نىي بۇرچ، ئىلىم - مەرىپەتنى ئۇلۇغلاپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە
بۇ خىل چۈشەنچە، تۇيغۇلارغا كەڭ ئورۇن بەرگەن. جۈمە-
لىدىن، ئەلىشىر نەۋايى دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە ئاستراباد-
نى گۈللەندۈرۈش، خەلقىنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقىنى
ياخشىلاش توغرىسىدا كۆپلىگەن ئادالەتلىك پەرمانلارنى
چىقىرىپ، يولغا قويغان بولسا، ئاباي قۇنانبايوۋ 1885 -

يىلى سىمپالاتىنسكى ئۆلكىسىدە ياشايدىغان قازاقلار ئۈچۈن 60 ماددىدىن ئىبارەت قانۇن لايىھەسىنى تۈزۈپ، خەلق ئىچىدە يولغا قويۇپ ئومۇملاشتۇرغان، ھەتتا ئاباي ئۆز ئاتىسى قۇنانبايوۋ سادىر قىلغان بەزىبىر زوراۋانلىقلارغىمۇ نارازىلىق بىلدۈرگەن.

بۇ ئىككى ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئىجادىيەت يۆنىلىشىمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئەلىشىر نەۋايى شېئىرىيەت، سەنئەت ۋە ئىلىم - پەنگە پەرۋاسىز قارىغانلارنى، ھەتتا بەزىبىر چالا موللا ئىجادكارلارنى ياقتۇرمىغاندەك، ئابايمۇ ھەم ئۆز دەۋرىدىكى بىر قىسىم شائىرلارنىڭ بىمەززە يازمىلىرىنى تەنقىد ئاستىغا ئالغان. ھەزرىتى نەۋايى ئۆزىنىڭ زاماندىشى ئاسەفىيغا قارىتا: «دېمەك، سىز يازغان ھەر 100 مىسرا شېئىرنىڭ باھاسى بىر پۇل ئىكەندە»، دەپ كىنايە قىلغان بولسا، ئا. قۇنانبايوۋ شېئىرىيەت بوستانىنى خەشەككە تولدۇرغان قازاق ئاقىنلىرى چورتانباي قەناي ئوغلى، دۆلەت باباتايوۋ ۋە بۇخار جىروۋلارغا ئاتاپ تۆۋەندىكى مىسرالارنى يازغان:

چورتانباي، دۆلەت بىلەن بۇخار جىروۋ،
شېئىرلىرى باشتىن - ئاياغ ئالغاۋ - دالغاۋ.
مېغىزىنى چاقىدىغان ئادەم بولسا،
ھەر مىسرادا كەمچىلىك سېزەر دەرروۋ.

ھەر ئىككى شائىر خەلققە ھالال خىزمەت قىلىشنى، ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى، ئادالەت ۋە پاك مۇھەببەتنى ھەرقانداق ئەمەل - مەنسەپتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان.

نەۋايى:

مەنسەپتىن مەنسەپسىزلىككە بۇرىغىن يۈز،
ھەر مەنسەپتىن مەنسەپسىزلىك دۇرۇس...

دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن بولسا، ئاباي: «بۈيۈك مەنسەپ ئېگىز قىيادۇر، ئۇنىڭغا ئېرىنمەي ياماشسا يىلانمۇ چىقالايدۇ»، — دەيدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرى ۋەزىرلىكتىن، يەنە بىرى — ئاباي قۇنانبايوۋ ئاقساقاللىقتىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى مەسىلىلەرنىڭمۇ بىر - بىرىگە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، نەۋايى:

ئادەمىي ئېرسەڭ دېمەغىل ئادەمى،
ئانىڭكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

دېسە، ئاباي: «ئاتاڭنىڭ پەرزەنتى بولماي، ئادەم پەرزەنتى بول» دەيدۇ. قاراڭ ئاللىقاچان خەلقنىڭ مۇقەددەس ئىدىيومىغا ئايلىنىپ كەتكەن بۇ مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن كامىل ئىنسانلىق غايىسى بۇ ئىككى ئىنسانپەرۋەر ئىجادكارنى ئوخشاشلا ئويلاندۇرغان ئەبەدىيلىك تېما ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى يەنە بىر ئوخشاشلىق، مېھنەتنى ئۇلۇغلاش، مېھنەت ئەھلىنى قەدىرلەش بولۇپ، بۇ روھ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئوخشاشلا كۆزگە روشەن چېلىقىدۇ.

مەسىلەن، نەۋايى:

ئۆمۈرنى زايا ئەتمە، مېھنەت قىل،
مېھنەتنى سائادەتنىڭ ئاچقۇچى بىل، —

دېسە، ئاباي مۇنداق يازىدۇ: «مېھنەت قىلساڭ ئېرىنمەي، قارنىڭ تويار تىلەنمەي». ھەئە، گېزى كەلگەندە ئېيتىش لازىمكى، بۇ ئىككى ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرىدە بەدىئىي ئوبرازلارنى تەسۋىرلەشتىلا ئەمەس، بەلكى تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىپادىلەشتىمۇ نۇرغۇنلىغان ئوخشاشلىقلارنىڭ بار ئىكەنلىكى ئېنىق. مەسىلەن: ئەلىشىر نەۋايى قىش پەسلىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ:

ساۋرۇدى چۈن شەجەر بەرگىنى سەرسەر،
سۇنىڭ سىيابىنى دەي قىلدى مەرمەر،
ھاۋا داغى بۇلۇتتىن كىيدى سىنجاب،
بۇلۇت داغى ھاۋاغا ساچتى سىماب،
دەي ئۇستازى نە چۈنكىم زەرگەرى چىن،
زەلال ئەتفالى لەۋھىن قىلدى سىيمىن،
بۇلۇتتىن كىم تامىب ھەر قەترە سۇ،
بۇرۇداتتىن يېغىپ ئالەمگە ئىنجۇ... (ن. موللايوۋ: «ئۆزبېكىستان ئەدەبىياتى تارىخى»، تاشكەنت «ئوقۇتقۇچى نەشرىياتى»، 1976 - يىل نەشرى، 455 - بەت)

يەنى شائىر «قاتتىق شامال دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئۈچۈرۈۋەتتى، قىش سىماپتەك ھەرىكەت قىلىۋاتقان سۇنى مۇزلاتتى، ھاۋا بۇلۇتتىن سىنجاپ (ھايۋاناتنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىم) كىيدى، بۇلۇت ھاۋاغا (سىماب) چاچتى. قىش ئۇستازى، چىن زەرگىرى كۈمۈشتىن تەخت ياسىغاندەك سۇ (مۇز)دىن تەخت ياسىدى. بۇلۇتتىن تامغان ھەر بىر تامچە سۇ سوغۇقتىن ئۈنچە بولۇپ ئالەمگە يېغىلدى، — دېگەن بولسا، ئاباي قۇنانبايوۋنىڭ «قىش» ناملىق مەشھۇر شېئىرى مۇنداق باشلىنىدۇ.

ئاق لىباسلىق، گەۋدىلىك، ئاقساقاللىق،
كۆز سىز ساقاۋ (سوغۇق) تونۇمايدۇ تىرىك جاننى.
ھەممە يېقى ئاق قىروۋ، تۈسى سوغۇق،
باسقان ئىزى غىچىرلاپ كېلىپ قالدى.
نەپسى — ئىزغىرىنلىق، ئايازلىق قار،
قېرى ئاشناڭ — قىش كېلىپ تەشۋىش سالدى. (ئا.

قۇنانانبايوۋ: «شېئىرلار توپلىمى»، ئىككى توملۇق. ئالمۇتا ق ك ئە ب نەشرىياتى، 1977 ـ يىل نەشرى، 65 ـ بەت).

ئاباي قۇنانبايوۋ ئۆزىنىڭ «ئىسكەندەر» ناملىق داستانىنى يېزىۋاتقاندا، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانى ھەمدە نىزامىينىڭ «ئىسكەندەر» ناملىق داستانىغا، شۇنىڭدەك تارىخى ۋە ئەپسانىۋى «ئىسكەندەر»گىمۇ ئىجادىي، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەنقىدىي ياندىشالىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاباي باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىق ھالدا ئىسكەندەرنى ئەل يۇرتنى تالان ـ تاراج قىلغۇچى زالىم پادىشاھ باسقۇنچى سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئوقۇرمەننى ئۇنىڭدىن نەپرەتلەندۈرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئادالەتسىزلىك، شەپقەتسىزلىك ۋە زۇلۇمنى كەسكىنلىك بىلەن ئەيىبلەپ، قاتتىق تەنقىد ئاستىغا ئالىدۇ. ئەلىشىر نەۋايى ياراتقان «سەددى ئىسكەندەر» داستانى بىلەن ئاباي قۇنانبايوۋنىڭ «ئىسكەندەر» داستانى ئوتتۇرىسىدا سۇژىتتىكى پەرقتىن باشقا يەنە ئۆزگىچە خاس ئىپادە، ئىندىۋىدۇئال ئۇسلۇب، ئۆزگىچە تەسۋىرلەرنىڭمۇ بارلىقى ئوقۇرمەننىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمايدۇ. ئاباي شەرق خەلقلىرى ئەپسانىلىرى ئاساسىدا ئۆز داستانىنى يېزىۋاتقاندا، ئەسەرنى قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ، بۇ ئەپسانىۋى شەخس ھەققىدىكى داستاننىڭ قازاقچە ۋارىيانتىنى ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىجادكارنىڭ ماھارىتى ۋە ئىستېداتىدىن دېرەك بېرىدىغان بۇ داستان ئەينى دەۋرنىڭ ئۆزىدىلا قازاق خەلقى ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ شۆھرەت قازانغان.

تەكىتلەش ئورۇنلۇقكى، ئاباي قۇنانبايوۋنىڭ ئىجادىي كامالىتىدە ئانا يۇرتىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى دۇردانىلىرى، رۇس كىلاسسىكلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا، شەرق ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرى ھەم ئىجابىي رول ئوينىغان. ئاكادېمىك مۇختار ئەۋېزوفنىڭ قەيت قىلىشىچە، ئاباي قۇنانبايوۋ ئوغلى ئاقىلبايغا ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «سەبئەئىي سەييار» داستانىنىڭ سۇژىتى ئاساسىدا «جەرراق» ناملىق بىر ئەسەر يېزىشنى تاپشۇرغانلىقى، يەنە نەۋرىلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمىنى بابۇر قويغانلىقى، شائىرنىڭ قېرىنداش خەلقلەرگە ۋە ئۇنىڭ نەۋايىدەك ئۇلۇغ پەرزەنتلىرىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنىڭ يارقىن دەلىلى دېسەك مۇبالىغە بولماس، ھەتتا ئاباي قۇنانبايوۋ ئۆزىنىڭ «قازاقنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىر مۇنچە سۆز» ناملىق ماقالىسىدە بابۇر ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ: «بابۇر شاھنىڭ ئانىسى بىلەن بىر تۇغقان ئىككى قېرىندىشى بولغان. ئۇلارنىڭ چوڭى تاشكەنتتە خان بولغان بولسا، كىچىكى قازاقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان، بۇلار چاغاتاي نەسلىدىن بولغان يۇنۇسخاننىڭ باللىرى ئىدى. ئاشۇ قازاقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغىنىنىڭ نامى ئەھمەد ئىدى»، — دەيدۇ ۋە ئۇنىڭ قازاقلار ئارىسىدىن 300 دەك لەشكەر توپلاپ، قالماقلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ئەھمەدخان قالماقلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنلىكى ئۈچۈن قالماق خانى ئۇنى: ‹بۇ بىر يانالغىش (يېڭىلىش) بولدى›، — دېيىشنىڭ ئورنىغا: ‹مانا بۇ بىر ئالاش بولدىغۇ»، — دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھەمدە «بابۇرنامە»دە ئەنە شۇنداق يېزىلغان» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى قازاق شېئىرىيىتىنىڭ نامايەندىسى، قازاق خەلقىنىڭ پەخرى ئاباي قۇنانبايوۋنىڭ فىردەۋسى، نىزامى، نەۋايى، بابۇرغا ئوخشاش بۈيۈك ئەللامەلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن قانغۇچە بەھرىمەن بولۇپ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئۇستازى دەپ بىلىپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسەتكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «قازاقنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىر مۇنچە سۆز» ناملىق ماقالىسىدە قېرىنداش خەلقلەر ئۈستىدىمۇ توختىلىپ: «... ئۇلار تېرىلمىغان بوز، ئۇلار ئېلىنمىغان ھوسۇل سودىگەرلىرىنىڭ ئايىغى يەتمەيدىغان يەر يوق... قىسقىسى، ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق، ئۇلار رۇسلاردىن پەرقلىق ھالدا قازاقلارنىڭ تىرىكلىكىگە ھەم، ئۆلۈكىگە ھەم يارايدۇ، — دەيدۇ، — ئورۇسلار كەلگەندىن كېيىنمۇ باشقا خەلقلەر ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى بىزدىن بۇرۇنراق ئۆگىنىۋېلىشتى، زېرەكلىك، ماھىرلىق، ئەپچىللىك، مەردلىك قاتارلىقلار ھەممىمىزگە ئورتاق سىپايىلىك، ئەدەپمۇ شۇنداق»، — دەپ قېرىنداش خەلقلەرگە يۈكسەك باھالارنى بەرگەن.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئاباي قۇنانبايوۋنىڭ ئۆز ۋەتىنى ھەمدە قېرىنداش خەلقلەرگە بولغان مۇھەببىتى ئۇنىڭ بىر ئاتا ئوغلىلا ئەمەس، بەلكى بىر ئەل، بىر خەلقنىڭ ئوغلى، ھەقىقىي بىر ئىنسانپەرۋەر، كۆكسى ـ قارنى كەڭ بىر ئىجادكار ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.

---

ئۆزبېكچە «جاھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2015 ـ يىللىق 8 ـ سانىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: قاراقاش ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن **تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار**



# «تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار

## «سىم - سىم» نېمىشقا ئىشىكنى ئاچمايدۇ؟

كىشىلەرنىڭ «ئەلى بابا ۋە قىرىق قاراقچى» دېگەن چۆچەكنى ياخشى كۆرۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ــ قاراقچى: «سىم - سىم، ئىشىكنى ئاچ!» دەپ توۋلىغاندا غارنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپلا قالماي، يەنە ئەلى بابادەك بىر كۆك نامرات توۋلىسىمۇ ئېچىلىۋېرىدىغانلىقىدىندۇر.

بىر كۈنى كونا ماتېرىياللارنى ۋاراقلاۋېتىپ، تەسادىپەن: «ئورگاننىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىش تەسمۇ ياكى تۈرمىنىڭ دەرۋازىسىدىنمۇ؟» دېگەن بىر ماۋزۇنى كۆرۈپ، كۆزلىرىم ئەندىكىپ كەتتى.

مۇئەللىپ ئەسىردە هازىر ئورگانلارنىڭ ھەممىسىدە قوراللىق ساقچى دەرۋازىغا قارايدىغانلىقى، ئىشىكتىن كىرىشنىڭ بەك تەسلىكى؛ بىر قېتىم ئۆزىنىڭ مەلۇم ئورگانغا يىغىنغا قاتناشقىلى كېلىپ، دەرۋازا ئالدىدا توسۇلۇپ قالغانلىقى؛ شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ تەقى - تۇرقىنىڭ خېلى جايىدا، يا دەۋاگەرلەرگە، يا خەلق ئىشچىلىرىغا، يا ئەسكى ئادەملەرگە قىلچە ئوخشىمايدىغان تۇرۇپمۇ، يەنە نېمە سەۋەبتىن توسۇۋېلىنىغانلىقىغا زادىلا ئەقلى يەتمىگەنلىكىنى قەيت قىلغانىدى.

مەنمۇ ئەنە شۇنداق بىر ئوڭايسىز ئەھۋالغا يولۇققان.

ئۆلكىدىكى مەلۇم ئورگاندا ئىشلەيدىغان بىر دوستۇم بار ئىدى، ھەر قېتىم تېلېفون ئۇرسا: «چوقۇم كەلگىن، تازا بىر پەيزى قىلايلى» دەيتتى. مېنىڭ بۇ بۇرادىرىم ئەزەلدىن باشقىلارغا مالاللىق كەلتۈرمەيتتى. ئەمما ساۋاقداشلىق مېھرى چوڭقۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ كۆرۈشمىگىنىمىزگىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى.

تەرجىمە كۆزنىكى

شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى مەن ئۆلكە مەركىزىگە بېرىپ، ئۇ ئىشلەۋاتقان ئورگاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدىم. دەرۋازىنى قوراللىق ساقچى ساقلاۋاتقانىكەن. مەن ساقچىنىڭ سۈرلۈك ئەلپازىدىن ئەيمەنگەن ھالدا دوستۇمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى ئىزدەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ساقچى يۇقىرى ئاۋاز ۋە كەسكىن تەلەپپۇزدا:

— ئارقىڭىزغا يېنىڭ! — دېدى. مەن داڭ قاتقىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. ئەمەلىيەتتە مەن ھېچقانداق بىر خاتا ئىش قىلمىغان ياكى ئەدەپسىزلىك قىلمىغانىدىم.

مەن ھودۇققىنىمدىن ئالمان - تالمان ئارقامغا ياندىم ۋە خېلى بىر ھازادىن كېيىن ئاران ئېسىمگە كەلدىم. بۇ چاغدا دەرۋازىدىن كىرىپ چىقىۋاتقان يولداشلاردىن بىرى مېنىڭ يامان ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدى بولغاي، ئاستا يېنىمغا كېلىپ:

— بىركىمنى ئىزدىمەكچى بولسىڭىز، ئاۋۋال ئۇنىڭغا تېلېفون ئۇرۇڭ. ئۇ چۈشۈپ سىزنى باشلاپ كىرسە بولىدۇ، — دېدى.

ئەسلىدە ساۋاقدىشىمنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئۇنى خۇش قىلىۋەتمەكچى ئىدىم. ئەمدى بۇ خىيالىم يوققا چىقىپ، دوستۇمغا تېلېفون ئۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم:

— كونا ساۋاقدىشىم، مەن سىلەرنىڭ ئورگاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەنىدىم. بىراق ساقچى بىرلا ۋارقىراپ، مېنى قورقۇتۇپ، يۈرىكىمنى قېپىدىن چىقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. ساڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەي دەپ، تېلېفون ئۇردۇم. مەن قايتاي ئەمسە!

ساۋاقدىشىم مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى، ئۇ نەدىمۇ مېنى ماڭغىلى قويسۇن دەيسىز؟

— نېمىگە ئالدىرايسەن، ھەممىلا ئادەم دەرۋازا ئالدىدا ساقلايدۇ. ئامال يوق، ئورگان دېگەن شۇ. جىندەك ساقلاپ تۇر، مەن ھازىرلا چۈشىمەن، — دېگىنىچە مېنى دەرۋازا ئالدىدا بىرھازا ساقلاتقاندىن كېيىن، يىراقتىنلا قۇچاقلىرىنى كەڭ ئېچىپ كېلىپ، مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. ئارقىدىن تولىمۇ خىجىل بولغان بىر قىياپەتتە:

— ئەمدىلا ئىشكىتىن چىقاي دەپ تۇرسام، بىر خىزمەتدىشىم ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇپ بەرسىڭىز دەپ تۇرۇۋېلىپ، سىنى ساقلىتىپ قويدۇم، يۈرە! — دېگىنىچە مېنى يېتىلەپ ئورگان قورۇسىغا قاراپ ماڭدى.

— توختاڭلار! — ئويلىمىغان يەردىن يەنە كەسكىن تەلەپپۇزدا تۈۋلىدى ھېلىقى ساقچى.

— مېنىڭ بايىلا چىققىنىمنى ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز، مەن بۇ ساۋاقدىشىمنىڭ ئالدىغا چىققان، پالانى ئىشخانىدا ئىشلەيمەن، — دېدى ساۋاقدىشىم ئۇنىڭغا جىددىي ئەھۋال چۈشەندۈرۈپ.

— كىنىشكا؟ — دېدى ساقچى ئاۋۋالقىدەكلا كىشىنى ئەيمەندۈرۈپ.

— مەن بۇ ساۋاقدىشىمنىڭ ئالدىغا چىققاچقا، خىزمەت كىنىشكىسىنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى ساۋاقدىشىم جىددىيلەشكەن ھالدا.

— كىرىشكە بولمايدۇ، ئارقىڭىزغا يېنىڭ! — دېدى ساقچى تەلەتىنى ئۆزگەرتمەيلا.

ساۋاقدىشىم ئوڭايسىزلانغان ھالدا ئالدىراپ ئىشخانىسىغا تېلېفون ئۇردى:

— مەن دەرۋازىنىڭ ئالدىدا، خىزمەت كىنىشكامنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، پەسكە بىر چۈشۈڭگا!

ئىشخانا خادىمى بىردەمدىلا چۈشتى - دە، يىراقتىنلا دەرۋازا تۈۋىدىكى ساقچىغا قاراپ:

— ئۇ كىشى بىزنىڭ مۇدىر بولىدۇ، كىرگۈزىۋېتىڭ! — دەپ تۈۋلىغانىدى، ساقچى ئىپادىسىز بىر ھالدا قاراپ تۇردى.

— ماڭايلى! — دېدى ساۋاقدىشىم. شۇ تاپتا مېنىڭ خۇشاللىقىمدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى:

— بولدى ئىشخاناڭغا چىقماي، مۇشۇ يەردە كۆرۈشكىنىمىزنىڭ ئۆزىمۇ بولدى، — دېدىم سالقىن بىر كەيپىياتتا.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن ساۋاقدىشىمنى قايتا ئىزدىمىدىم.

«ئورگاننىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىش تەسمۇ ياكى تۈرمىنىڭ دەرۋازىسىدىنمۇ؟» دېگەن ماقالىنىڭ مۇئەللىپى بىلەن گەرچە بىر ئۆلكىدە بولمىساقمۇ، ئەمما يولۇققان ئەھۋالىمىز بەكمۇ ئوخشاش بولۇپ، بۇ، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئايرىم جايلاردىكى قىسمەن ئەھۋال

ئەمەسلىكنى چۈشەندۈرەتتى. مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئەھۋالغا بولغان نارازىلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن غەربتىكى بىر قىسىم ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا خالىغانچە كىرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلغىلى بولىدىغانلىقى، خالىغان ۋاقىتتا كىرىپ-چىققىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى مىسال قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە، بەزى ئىشلاردا ھەقىقەتەن ئۆزىمىزنى غەربكە سېلىشتۇرساق بولمايدۇ. چۈنكى، «تۈزۈم» ئوخشىمايدۇ-دە! يەنە كېلىپ، جۇڭگودا شۇنچە كۆپ ئادەم تۇرسا، ھەممىسلا خالىغانچە كىرىپ-چىققىلى تۇرسا، قانداقمۇ ئىش بېجىرگىلى بولسۇن؟ بولۇپمۇ، بىر قىسىم دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم يولداشلار ئۆزلىرىنى ئەينى ۋاقىتتا زور تۆھپە كۆرسەتكەن دەپ قاراپ، ھېلى ئۇ ئىشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ھېلى بۇ ئىشخانىغا كىرىپ پاراڭ سالغىلى تۇرسا، باشقىلار خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانغا نەدىمۇ ۋاقىت چىقىرالىسۇن دەيسىز؟

يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، قوغداش ئىشىغا تارىختىن نۇقتىدىن قاراش كېرەك. خەلق ھۆكۈمىتى يېڭى قۇرۇلغاندا، ئامېرىكا ۋە جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرى يېڭى ھۆكۈمەتكە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، دائىم ئىنقىلابىي كادىرلىرىمىزنى يوشۇرۇن قەستلەپ ئۆلتۈرۈش كويىدىلا بولغان. ئەگەر سىز قوغداشنى كۈچەيتمەي، قانداقلا ئادەم بولسا كىرگۈزۈۋەرسىڭىز، دۈشمەن ئالاھىدە خادىملىرىنىڭمۇ كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالالىشىڭىز تەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، چوقۇم قوغداشنى كۈچەيتىشىڭىز زۆرۈر. قارىماققا گەرچە ئاممىا بىلەن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە نىيەت ئىقبالى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىغا قولايلىق يارىتىلىدۇ. ئويلاپ كۆرسەك، بۇ بىر ئاقىلانىلىك.

بەزىلەر: «ھازىر دۆلەت قۇرۇلغىنىغا 60 يىلدىن ئاشقان تۇرسا، يەنە بۇنچىۋالا چىڭ تۇتۇپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟» دېيىشى مۇمكىن. ھاجىتى بار! بۇ كېرىچنى ھەرگىزمۇ بوشىتىشقا بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر بارغانسېرى زوراياپاتتا؛ ئىشى بولسۇن-بولمىسۇن ئەرز قىلغىلى كېلىدىغانلار، جەمئىيەتكە قارىتا كۆڭلىدە غۇمى بارلار، نېرۋىسى بىنورماللار كېلىۋەرگىلى تۇرسا، ئالدىنى ئالماي بولامدۇ؟ دەرۋازا ئالدىدىكى قوراللىق ساقچىلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىۋاتقان تۇرسا، يەنە نېمە دەپ ئۇلاردىن ئاغرىنىمىز؟

شۇلارنى ئويلاۋېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا باشلانغۇچنىڭ دەرسلىكىدىكى «لېنىن ۋە قاراۋۇل» دېگەن تېكىست ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ياخشى يېرى بۇ تېكىست ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، شۇڭا تولۇق تېكىستنى بويىچە ئەسلەپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئەمدىلا غەلىبە قىلغان بىر كۈنى سەھەردە تاڭ قۇياشى گىرىمسەن بۇلۇتلارنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئالتۇن رەڭ نۇرلىرىنى ھەيۋەتلىك سمولنىي سارىيىغا چېچىپ تۇراتتى.

خەلق كومىتېتى سمولنىي سارىيىغا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا يېڭى جەڭچى لوببان ئاندرىئانوف (Lobban Andrianof) پوستا تۇرۇۋاتاتتى. بەنجاڭ ئۇنىڭغا:

— يولداش لوببان ئاندرىئانوف، بۈگۈن سىنىڭ تۇنجى قېتىم پوستا تۇرۇشۇڭ، بۇ يەرگە كېلىدىغانلار بەك كۆپ، سىنىڭ ۋەزىپەڭ-ئۇلارنىڭ كىرىش ئىجازەتنامىسىنى تەكشۈرۈش. يولداش لېنىن بۇ يەرگە كېلىپ، يىغىن ئاچماقچى، شۇڭا ھەرقانداق يامان ئادەملەرنىڭ سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشىغا يول قويساڭ قەتئىي بولمايدۇ! — دېدى جېكىلەپ.

— خوپ، بەنجاڭ! — دېدى لوببان ئاندرىئانوف ھەربىيچە چاس بېرىپ، — مەن ئىنقىلاب نامىدىن كاپالەت بېرىمەنكى، يولداش لېنىن ئۈچۈن چوقۇم ياخشى پوستتا تۇرىمەن!

قۇياش بارغانسېرى كۆتۈرۈلمەكتە، سمولنىي سارىيىغا يىغىنغا ۋە ئىش بېجىرگىلى كېلىدىغانلار ھەقىقەتەن كۆپ بولۇپ، ئىشچىلارمۇ، ئەسكەرلەرمۇ، دېھقانلارمۇ، يەنە ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. لوببان ئاندرىئانوف ئۇلارنىڭ كىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرەتتى.

خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى لېنىن يېتىپ كەلدى. ئۇ ماڭغاچ نېمىلەرنىدۇ ئويلىنىۋاتاتتى.

— يولداش، كىرىش ئىجازەتنامىڭىزنى چىقىرىڭ! — لوببان ئاندرىيانوف ئۇنى توستى.

— ھە؟... توغرا، مەن ئىجازەتنامەمنى ئالاي، — لېنىن شۇنداق دېگەچ ئالدىراپ قولىنى يانچۇقىغا

سېلىپ، كىرىش ئىجازەتنامىسىنى چىقاردى.

يىغىنغا كەلگەن بىر يولداش لوببان ئاندىرىئانوفنىڭ لېنىننى تونۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقلانغان ھالدا ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— بولدى قىل، بولدى قىل! ئۇ دېگەن لېنىن!

— كەچۈرۈڭ، — دېدى لوببان ئاندىرىئانوف كەسكىن تەلەپپۇزدا، — مەن لېنىننى كۆرۈپ باقمىغان. كىرىش ئىجازەتنامىسى بولمىسا، ھەرقانداق ئادەمنى كىرگۈزمەيمەن!

لېنىن كىرىش ئىجازەتنامىسىنى ئۇنىڭغا بەردى. لوببان ئاندىرىئانوف ئىجازەتنامىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن يولداش لېنىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىنتايىن ئوڭايسىزلاندى ھەمدە دەرھال ئۇنىڭغا چاس بېرىپ:

— يولداش لېنىن، كەچۈرۈڭ، ۋاقتىڭىزغا دەخلى قىپتىمەن، — دېدى.

— قىلغىنىڭىز ناھايىتى توغرا بولدى، يىگىت! — دېدى لېنىن خۇشال بولغان ھالدا بۇ ياش جەڭچىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — سىز خىزمەتتە ناھايىتى ئەستايىدىل ئىكەنسىز، رەھمەت سىزگە!

ئارقىدىن ئۇ بۇرۇلۇپ ھېلىقى يولداشقا دېدى:

— ئۇنى ئەيىبلىمەڭ، بىزگە مۇشۇنداق ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان ياخشى جەڭچىلەر كېرەك. ئىنقىلابىي ئىنتىزامغا ھەممەيلەن ئاڭلىق رىئايە قىلىشى زۆرۈر، مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

ۋاڭ جۇڭشۇ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2016 - يىلى 7 - سانى (ئالدىنقى 15 كۈنلۈك)دىن
**ئەھەت داۋۇت** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: كۇچا ناھىيەلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى سىياسىي مەكتەپتە

# مەن كىم؟

كىچىك چېغىدا ئۇ دائىم دوستلىرى بىلەن مۇنداق بىر ئويۇننى ئوينايتتى: بىرسى ئۇنىڭ كۆزىنى قولى بىلەن ئېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تاپقىلى سالاتتى. مانا بۈگۈن يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزنىڭ يۇمشاق ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى نامەلۇم قوللار تەرىپىدىن توسۇۋېلىندى، ئارقىدىن تولىمۇ يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى:

— تېپىپ بېقىڭە، مەن كىم؟

نازۇك، يۇمشاق قوللار ئۇنىڭ يۈزىنى توختىماي سىيلايتتى، گۈلسامساق ھىدىغا ئوخشايدىغان سۇس ئەتىر پۇرىقى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يېيىلغان، دومبىسىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇرغان تولغان كۆكرەكلەردىن تارالغان بىر ئوتلۇق ھارارەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېپچەكلىتىۋەتتى.

ئۇ قولىنى تېخىچە كۆزىدىن ئاجرالمىغان نازۇك قوللارنىڭ ئۈستىگە ئاپاردى - دە، ئۇ قوللارنى سىيلاپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— ئاۋازىڭىز تولىمۇ تونۇش ئاڭلىنىۋاتىدۇ، مەن كىملىكىڭىزنى ئەسلەپ باقاي - ھە.

ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ئەمەلدارلارغا خاس كىبىر پۇرىقى بار ئىدى. ئۇنىڭ خېلىغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئايال ئېڭىكىنى ئۇنىڭ چوققىسىغا تىرەپ تۇرۇپ ئەسكەرتمە بەردى: نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىز بىللە ھاراق ئىچىپ، ناخشا ئېيتىشقان جۇمۇ؟

ئۇ يېقىندىن بۇيان بىللە ھاراق ئىچكەن، بىللە ناخشا ئېيتقان ئايال زاتلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى - يۇ، ئەمەلىيەتتە ئاۋازى ناتونۇش بۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى زادىلا تاپالمىدى.

قۇلاق تۈۋىدە ھېلىقى ئاۋاز جاراڭلاشقا باشلىدى:

— سىز نېمانداق ئۇنتۇغاق؟ ئەسلەپ بېقىڭە، ئەينى چاغدا سىز يوتامغا بېشىڭىزنى قويۇپ يېتىپ، قوللىرىڭىز بىلەن يۈزۈمنى ئالقىنىڭىزغا ئېلىپ تۇرۇپ «سىز مەن كۆرگەن ئەڭ چىرايلىق ئايال» دېگەنىدىڭىزغۇ؟ ئايالنىڭ ئاۋازى بوش، يۇمشاق بولۇپ خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ھارارىتى ئۆرلەشكە باشلىدى. «ئۇ كىمدۇ؟ مەن چىرايلىقكەنسىز دەپ ماختىغان ئاياللار كۆپ بولىدىغان، ئۇ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى قايسىسى بولغىيتتى؟ كاساپەت!» ئۇ ئۆزى ئۇچراشقان چىرايلىقلارنى ھەدەپ ئىچىدە ساناۋاتاتتى، قوللىرى بولسا ئايالنىڭ يۈزىدە توختىماي ئايلىناتتى.

— قاراڭە سىزنى، راستىنلا مۇشۇك يىلىلىقكەنسىز جۇمۇ، پويىزدا تۇرۇپمۇ ئىزا تارتماي ئۇ يەر - بۇ يەرنى

سىيلاشتۇرۇۋاتقان...

ئايالنىڭ ئاۋازى راستىنلا يېقىملىق بولۇپ، گېپىنىڭ ئورامىدىن ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇش ئەمەس، بەلكى ماختاۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەر قولىنى ھېلىقى نازۇك قوللارنىڭ ئۈستىگە ئاپىرىپ كۈچەپ ئىككى يانغا كەردى ۋە شارتتىدە بۇرۇلۇپ ئايالنى قۇچىقىغا تارتتى.

ئايالنىڭ ناتونۇش چىرايىنى كۆرۈپ، ئەر تۇرۇپ قالدى. ئايالنىڭ چىرايى ۋىللىدە بىر قىزاردى-دە، تېزلىكتە ئۇنىڭ قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ قورۇنغان ھالدا:

— كەچۈرۈڭ ئاكا، ئارقىڭىزدىن xx گە بەك ئوخشايدىكەنسىز، مەن تېخى شۇمىكىن دەپتىمەن!

ئەرمۇ چاققانلىق بىلەن قولىنى يىغىشتۇرۇۋالدى ۋە ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالمايۋاتقان ئايالغا قاراپ دېدى:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، سىزنىڭ ئاۋازىڭىزمۇ xx بىلەن ئوپئوخشايدىكەن، مەن تېخى شۇمىكىن دەپتىمەن.

ئۇنىڭ گېپى ئاخىرلىشىشىغا ھەر ئىككىسى خىجىللىق ئارىلاش كۈلۈشتى.

ئۇلار تېزلا چىقىشىپ كەتتى، ئەر تولىمۇ قىزغىن، خۇش چاقچاق، ئايال مۇلايىم، گېپى تاتلىق بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنى كونا تونۇشلاردەك ھېس قىلىشتى. ئۇلار يول بويى قىزغىن پاراڭلىشىپ ماڭدى، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى ئەمەلدارلىق پۇرىقىنىڭ يوقاۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ۋوگزالدا ئۇ ئايال بىلەن قول سىقىشىپ خوشلاشتى. ئايالنىڭ قارىسى يىتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكى ھېلىھەم تىپچەكلەشتىن توختىمىغانىدى. بىر ھازادىن كېيىن، ئۇ تاكسى توستى: «قۇياش نۇرى سارىيى»غا. شوپۇرغا پۇل تۆلەيدىغان چاغدا، ئۇ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، سومكىسىدىكى 10 مىڭ يۈەن غايىب بولغانىدى.

ۋاڭ ۋېنجۈن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «ئالاھىدە تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2015-يىلى 8-ئايلىق ئالدىنقى سانىدىن **شەمسنۇر تۇرغۇن زىلتار** تەرجىمىسى

# مىللىي مەدەنىيەت تۇيغۇسنى ئويغىتىش

مەن ياۋروپادا تۆت-بەش يىل تۇردۇم، ھەر قېتىم جۇڭگو مۇھاجىرلىرى يىغىلىپ قالساق، ھەممەيلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەڭ ھۆرمەت-ئالقىشقا ئېرىشكەن ۋاقتى دەل ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بەرگەن مەزگىل ئىكەنلىكىنى دېيىشىدۇ. ئامېرىكا ھەممىنىڭ نەزەرىدە ھېچكىم چىشىغا تېگىشكە پېتىنالمايدىغان قالتىس كۈچلۈك دۆلەت تۇرۇقلۇق، ئەينى ۋاقىتتىكى چاۋشيەن ئۇرۇش مەيدانىدا جۇڭگو كومپارتىيەسى تەرىپىدىن ئوبدانلا ئەدىپىنى يەۋالغانىدى. ئىنتايىن ئاجىز سانالغان مىللەت، ئاتالمىش «كۈچ-ماغدۇرىدىن كەتكەن» جۇڭگو ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان ئامېرىكا بىلەن پۇت تېپىشىشكە، كۈچ سىنىشىشقا جۈرئەت قىلدى، بىز 10 مىڭ قەدەم چېكىنىپ تۇرۇپ شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ھېچ بولمىغاندا تەڭلەشتۇق! ئامېرىكا ئۆزىنى يەڭدىم دېيىشكە پېتىنالمىدى! بۇنى كۆرگەن جاھان ئەھلىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى! جۇڭگو قان سىستېمىسىدىكى ھەممەيلەن جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويغىنىدىن يايراپ خۇشلۇقى ئىچىگە سىغماي قالغانىدى. ئەلۋەتتە مەدەنىيەت غۇرۇرى يوقالسا ئۇنى تەرىلدۈرمەككە بىر-ئىككى ئەۋلاد كۇپايە قىلماس! دەرۋەقە، مىليون ئادەمنىڭ جېنى بەدىلىگە مەدەنىيەتتىكى ئىززەت-ئابرۇيىمىزنى قايتۇرۇۋالغىلى بولغان بولسا بۇ ئەرزىيدۇ.

ياپونىيەنىڭ ئىشلىرىغا توۋا دەيمەن. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ پىچىقى ئىنتىك دېموكراتىيەسى سەۋەبلىك، ماك ئارتور ئامېرىكىنىڭ يۈرۈشلۈك تۇرمۇش شەكلى، قىممەت قارىشىنى تانكىسىغا قاچىلاپ ياپون تۇپرىقىغا يېتىپ كەلدى. ياپونىيەدە ئەينى ۋاقىتتا مىتسۇجىما يوجىفۇ ئىسىملىك ئوڭ قانات يازغۇچى بار بولۇپ، بىز گەرچە ھازىر ئۇنى چېكىدىن ئاشقان كونسېرۋاتىپ، ئاتالمىش مىلتارىست دەپ ئاتىساقمۇ، لېكىن، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن مىللەتپەرۋەر كىشى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا مىتسۇجىما يوجىفۇ ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم ياپونىيە ئوڭ قانات زىيالىيلىرى «ياپونىيەنىڭ ماشىنىلىرى ئامېرىكا بازارلىرىنى قاپلىدى، بىراق ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيىتى ياپونىيەنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە سىڭىپ كىردى، بۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال!» دېگەندىن

ئىبارەت بىر ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ تېخىمۇ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن، مىتسۇجىما يوجىنۇ ياپون سامۇرايلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قورسىقىنى يېرىپ ئۆلۈۋېلىش ئۇسۇلى بويىچە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى قارار قىلغان. ياپونىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىلىرىمۇ باشتىن - ئاخىرغىچە ئىز قوغلاپ سۈرەتكە ئالغان. ئۇ بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ياپون جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇنىڭ ئىلتىجاسىغا بولغان دىققىتىنى قوزغاش، ياپونىيەلىكلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ ئۆلۈۋېلىش جەريانى باشتىن - ئاخىر ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە تەنتەنىلىك مۇراسىم سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ھەقتە كۈچلۈك بەس مۇنازىرە ۋە غۇلغۇلا بولغان. ئۇ زادى مىلتارىستمۇ ئەمەسمۇ، بۇنى قويۇپ تۇرايلى، ئۇنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىرادىسى بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭكىدىن 100 مىڭ، ھەتتا مىليون ھەسسە كۈچلۈك دېيىشكە بولىدۇ.

مىللەتپەرۋەر قانداق بولىدۇ؟ جاۋ يىمەن مىللەتپەرۋەرمۇ ئەمەسمۇ؟ ياڭ جىڭيۈ مىللەتپەرۋەرمۇ ئەمەسمۇ؟ جاڭ زىجۇڭ مىللەتپەرۋەرمۇ ئەمەسمۇ؟ يۆفېي مىللەتپەرۋەرمۇ ئەمەسمۇ؟ بىر توپ ئىچىدە مۇشۇنداق جىگەرلىك كىشىلەرنىڭ بولغىنى شۇ توپتىكىلەرنىڭ بەخت - تەلىيى، بىرەرمۇ جىگەرلىك كىشىسى بولمىسا، بۇ توپتىكىلەر يەنە نېمىمۇ قىلالىسۇن؟

جۇ شىنجيەن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «ئالاھىدە تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2015 - يىلى 8 - ئايلىق ئالدىنقى سانىدىن **شەمسىنۇر تۇرغۇن زىلتار** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: يەكەن ناھىيەلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن

## مەشھۇر ئائىلە

ئىلگىرى بىر ئادەم نام چىقارغاندىن كېيىن ئۇنى زىيارەت قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەپتۇ. ئۆيىگە ھەر كۈنى ئادەملەر كېلىۋەرگەنلىكتىن ئۇ نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يوشۇرۇنچە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە باشقا جايغا كۆچۈپ كېتىپتۇ.

بۇ مەشھۇر ئادەم يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەر يەنىلا ئۈزۈلمەي ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ ئۆينى ۋە ئىلگىرى ئۇ ئادەم ئىشلەتكەن نەرسىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشىپتۇ. ھەم ئۇنىڭ ئىلگىرى سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ۋە تارىخىنى توپلىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلىدىغانلار كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارا - بارا دەرۋازىغا قارايدىغان، بېلەت ساتىدىغان، كىتاب ساتىدىغان ئادەم پەيدا بوپتۇ. كېيىنچە يەنە تەرتىپ ساقلىغۇچى، تازىلىق خادىمى، ئاشخانا ئاچىدىغانلار پەيدا بوپتۇ. ئاخىردا ھۆكۈمەتتىن بۇ ھويلىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار ۋە مۇئاۋىن ئەمەلدارلارنى تەيىنلەپتۇ. ئەمەلدارلار يەنە بوغالتىر، خىزمەتكار، قاتارلىقلارنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆيى بىر ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە سورۇنىغا ئايلىنىپتۇ.

نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ھېلىقى مەشھۇر ئادەم يوشۇرۇنچە ئۆيىگە قايتىپ، بەزى نەرسىلىرىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، ئويلىمىغان يەردىن باشقۇرغۇچىلار ئۇنى نەرسە ئوغرىلىغان دەپ تۇتۇۋېلىپ بىر ھازا دۇمبىلاپتۇ. مەشھۇر ئادەم ئۆز ئىسمىنى مەلۇم قىلغان بولسىمۇ، بىراق ھېچكىم ئىشەنمەپتۇ، ھەم ئالدامچى دەپ قاراپ يەنە بىر ھازا دۇمبالاپتۇ. مەشھۇر ئادەم ئۆزىنىڭ يامان نامىنى چىقىرىپ سالماسلىق ئۈچۈن بۇ يەردىن يوشۇرۇنچە كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بۇ ئۆيىگە قايتا قەدەم باسماپتۇ.

كېيىن ئۇنىڭ بۇ ئۆيى يىراق - يېقىنغا داڭلىق ساياھەت نۇقتىسىغا ئايلىنىپتۇ، ئۇ ئېلىپ كەتمەكچى بولغان نەرسىلەرمۇ مەھكەم ئورىلىپ ئۆي ئىچىگە قويۇپ قويۇلۇپتۇ، ھەم ئۇستىگە تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈش يېزىپ قويۇلۇپتۇ: «مەلۇم يىلى مەلۇم ئاينىڭ مەلۇم كۈنى بۇ قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق ئۆزىنى ئەسلىي ئىگىسى دەپ ئاتىۋالغان باشقىلار تەرىپىدىن ئوغرىلانغاندا، ھۆكۈمەت دېلونى پاش قىلىپ، نەق مەيداندا جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈرۈپ مالنى قايتۇرۇۋالغان». جىنايەتچىنى تۇتقان قاراۋۇلمۇ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇكاپاتلىنىپتۇ، ئوغرىنىڭ سۈرىتى تامغا چاپلىنىپ كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە

قاپتۇ. كىشىلەر بەس- بەستە «قارىغاندا بۇ ئوغرىنى، سىياقىمۇ خۇددى ھېلىقى مەشھۇر ئادەمگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن تېخى» دەپ مۇلاھىزە قىلىشىپتۇ.

دا جىي ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «خىللانغان فېلىيەتونلار» (经典杂文) ژۇرنىلىنىڭ 2013- يىللىق 9- سانىدىن **ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت** تەرجىمىسى

## توي مۇراسىمىغا نەچچە ئادەم قاتناشتى؟

بىر ئائىلە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ. نۇرغۇن ئۇرۇق- تۇغقان، دوست- بۇرادەرلىرى كېلىپ تەبرىكلىشىپتۇ. قوشنا ئۆي خوجايىنى خىزمەتكارىنى چاقىرىپ «سەن چىقىپ قوشنا ئائىلىدىكى تويغا قانچىلىك ئادەم كەلگەنلىكىنى ئۇقۇپ باق» دەپتۇ.

خىزمەتكار بىر پارچە قېرى كۆتەكنى تېپىپ كېلىپ قوشنا ئائىلىنىڭ ئىشىك ئالدىغا قويۇپ قويۇپ، ئۆزى پەشتاقتا ئولتۇرۇپ سەۋرچانلىق بىلەن توي زىياپىتىدىن چىقىۋاتقانلارغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. تەبرىكلەشكە كەلگەنلەر كەينى- كەينىدىن قايتىشىپتۇ. ئۆيدىن چىققانلىكى كىشىنىڭ ھەممىسى ھېلىقى كۆتەككە پۇتلىشىپ كېتىپتۇ. پۇتلاشقان ئادەملەر ھەممىسى سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ قويۇپ ئۆز يولىغا كېتىۋېرىپتۇ. پەقەت ياشانغان بىر ئاياللا چىقىپ كېتىۋېتىپ كۆتەككە پۇتلاشقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپلا ئۇ كۆتەكنى ئېلىپ بىر چەتكە تاشلىۋېتىپتۇ.

خىزمەتكار ئۆيگە قايتىپ غوجايىن بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. غوجايىن ئۇنىڭدىن «قوشنا ئۆيگە تويغا كەلگەن ئادەم خېلى كۆپمۇ» دەپ سوراپتۇ.

«پەقەت بىر ياشانغان مومايلا كەپتۇ» دېدى خىزمەتكار.

«بۇ نېمە دېگىنىڭ؟»

«بۇ مۇنداق ئىش، مەن بىر دانە كۆتەكنى قوشنا ئۆينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قويۇپ قويغان، باشقىلارنىڭ ھەممىسى كۆتەككە پۇتلىشىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭغا دارىتمىلاپ تىللاپ قويۇپلا، كۆتەك بىلەن كارى بولماي كېتىۋەردى، پەقەت ھېلىقى ياشانغان ئاياللا ئۇ كۆتەككە يەنە باشقىلارنىڭمۇ پۇتلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى باشقا ياققا ئېلىۋەتتى. پەقەت ئادەملا شۇنداق قىلىدۇ، شۇڭا مەن شۇ بىر ئادەمنىلا ‹ئادەم› دەپ ئاتىلىشقا لايىق كېلىدىكەن دەپ قارىدىم» دەپتۇ.

لېۋ تولستوي ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «خىللانغان فېلىيەتونلار» (经典杂文) ژۇرنىلىنىڭ 2013- يىللىق 9- سانىدىن **ئابباس ئۆمەر ئەلقۇت** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: خوتەن ناھىيە خانئېرىق بازىرى سېرىقئۆي ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

## ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشىمىز

نەچچە 1000 يىلدىن بۇيان، ئىنسانلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن قىلغان ئىككى قېتىملىق ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشى توختاپ قالغىنى يوق.

ئىنسانلار 1- قېتىملىق ئۇرۇشتا بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۆزىگە رەقىب سانىدى. ئىنسانلار بىر سەپتە، مەۋجۇداتلار يەنە بىر سەپتە تۇردى، بويسۇنغانلار ھاياتلىققا ئېرىشىپ، قارشى چىققانلار جەھەننەمگە مەھكۇم بولدى. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ بىلەرمەنلىكىگە تايىنىپ، ئوتياش، دەل- دەرەخ، قۇرت- قوڭغۇز ۋە جان- جانىۋارلار ئارىسىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ تەملىك، ئەڭ ئىنائەتمەنلىرىنى تاللاپ خالىغانچە كۆيدۈردى، ئۆلتۈردى ۋە بۇلاڭ- تالاڭ قىلدى ھەمدە بارلىق مۇنبەت زېمىن ۋە سۈيى ئەلۋەك، تاغ- دەريالىرى گۈزەل جايلارنى ئىگىلەپ ئۆزلىرىگە ماكان قىلىپ، ئىنسانلارغا بويسۇنمىغان، مىجەز- خاراكتېرى كۈچلۈك يات تۈرلەرنى چەتكە قاقتى، قىيىندى ۋە ئۆلتۈردى. ئۇلار بىزگە ئوخشاش مەمەدان، ئۇرۇش- تالاشقا، سۇ، ئوتتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولمىغاچقا، چېكىنىش ۋە كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ، سازلىق، چۆللۈك، چوڭقۇر ھاڭ ۋە تىك قىيالار، ئىككى قۇتۇپ ۋە دېڭىز- ئوكيانلارنى ماكان

ئەيلىدى. ھاياتلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلار ناچار شارائىتنى يېڭىپ، ئوزۇقلىنىش خاراكتېرىنى ئۆزگەرتتى، كۆپىيىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى، خاسلىقى ۋە رەڭگىنى مۇھىتقا ماسلاشتۇردى، ياۋايى تەبىئەتلىك بولۇپ يېتىلدى، ئۈچەككە كىرىپ، يېڭىچە جانلىقلار زەنجىرى شەكىللەندۈردى. ياشايدىغان ماكان تاپالمىغان، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بېرەلمىگەن، قەھرىتان سوغۇق، تومۇز ئىسسىققا ماسلىشالمىغان، ئەۋلادلىرىنى قوغداپ قالالمىغان بىر قىسىم جانلىقلار تەگدەشى يوق ماھارەت ۋە گېنلارنى ئېلىپ، يەر شارىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدى. ئىنسانلار پەقەت ۋە پەقەت تولۇق نۇسرەت قازىنىشنىلا ئويلايدىغان بولغاچقا، ئۆتياش، دەل-دەرەخ، قۇرت-قوڭغۇز ۋە جان-جانىۋارلارنىڭ ھېسسىياتىنى قىلچىلىكمۇ ئېتىبارغا ئالمىدى. بىز ئاددىي ھالەتتىكى غەلىبىگە قانائەتلەنمەي، ئابىدە خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ قالدۇق. ئېتىزلاردىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىلا ئويلاپ، ھەممىنى بىراقلا ھالاك قىلىدىغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى خالىغانچە ئىشلىتىپ، شال ئېتىزىدا پەقەت شالنىلا قالدۇرۇپ، پاقا، چېكەتكە ۋە ئېتىز قۇلۇلىسىنى ھالاك قىلدۇق؛ بۇغداي ئېتىزىدا پەقەت بۇغداي مايسىسىنىلا قالدۇرۇپ، ياۋا گۈل ۋە ياۋا چۆپلەرگە ھاياتلىق بەرمىدۇق. بىز تېخىمۇ ھەددىمىزدىن ئېشىپ، بارلىق مەۋجۇداتلار ئورتاق بەرپا قىلغان يەر شارى باغچىسىنى رەھىمسىزلەرچە بۇزدۇق.

ئۆتياش، دەل-دەرەخ، قۇرت-قوڭغۇز ۋە جان-جانىۋارلار بىلەن ئىنسانلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، ئورتاق ياشايدىغان جاي نېمە ئۈچۈن پەقەت ئىنسانلارغىلا خاس جەننەت بولۇپ قالدۇ؟ شۇنىسى ئېنىقكى، بارلىق مەۋجۇداتلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى يەر شارىغا مېھمان، ھەقىقەت شۇنداق تۇرسا، بىز يەنە نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى يەر شارىنىڭ غوجايىنلىرى، دەپ تونۇۋالىمىز؟ ئىنسانلارنىڭ بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ گۇناھكارى ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بارلىق شەيئىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىمىزغا ئىشەندۈرمەكچى بولىمىز؟ بىز قاتار مۇستەبىت، قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىمىزنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن تەرەققىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇۋاتىمىز، دەپ تەبىر بېرىمىز؟ شۈبھىسىزكى، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقى بار، ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى يۇقىرى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر تىپ دەپ قاراپ، ئۆتياش، دەل-دەرەخ، قۇرت-قوڭغۇز ۋە جان-جانىۋارلارنى پەس كۆرۈپ ياراتمايدۇ؟ ئۇلار دەرد-ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، سۈكۈتكە چۆمگەن پەيتتە، بىز تېخىمۇ كۆرەڭلەپ خۇدىمىزنى يوقاتتۇق؛ ئۇلار يول قويغانسېرى، بىز تېخىمۇ غالجىرلاشتۇق. بىز قەيەرگە بارساق، شۇ يەرنى بۇلغىدۇق، شۇ يەرنى ۋەيران قىلدۇق، تېخى سەن تاز دېگۈچە، مەن تاز دەۋالاي دەپ، قارشىلىشىش كەيپىياتىدا بولغان جانلىقلارغا زەھەرلىك ئوت، زىيانداش ھاشارات، جاھىل ئاپەت دەپ نام بېرىپ، بوھتان چاپلىدۇق.

بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا، بىز 4 تىرىليون كۇب مېتىر كېرەكسىز سۇ قويۇپ بېرىپ، يەر شارىدىكى جانلىقلار ياشاپ كېلىۋاتقان 620 مىڭ كۋادرات مېتىر ئېتىزلىق ۋە 550 مىليون كۇب مېتىر سۇنى بۇلغىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ كىچىككىنە يەر شارىدا، بىز 1000 يىل بۇرۇنقى 65 مىليوندىن تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ، ھازىرقى 7 مىليارد 200 مىليونغا يەتتۇق، ئەكسىچە، ئەتراپىمىزدىكى جانلىقلارنىڭ تۈرى ساناپ تۈگەتكۈسىز تۈردىن تېز سۈرئەتتە ئازىيىپ، 1 مىليون 500 مىڭ خىلغا چۈشۈپ قالدى. نۆۋەتتە، تۈرلەرنىڭ نەسلى قۇرۇش سۈرئىتى بۇرۇنقىدىن 100 ھەسسە، 1000 ھەسسە تېزلەشتى، ھەتتا ھازىر ھەر كۈن 75 خىل تۈرنىڭ نەسلى قۇرۇش دەرىجىسىگە يېتىپ باردى.

بۇ جەرياندا، بىز ھەممە جانلىقنى ئىستېمال قىلىشتىن يالتايمىدۇق، نەتىجىدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، يەر شارىدىكى تەنھا جانلىققا ئايلىنىپ قالدۇق.

2- قېتىملىق ئۇرۇشتا، ئىنسانلار بىر-بىرىگە رەقىب، دۈشمەن بولدى. مەن بىر سەپتە، باشقىلار بىر سەپتە تۇردى، ياكى بىز بىر سەپتە، باشقىلار يەنە بىر سەپتە تۇردى. بىز «مەن ۋە بىز»، «ئۇ ياكى ئۇلار» دەپ ئايرىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ياكى دۈشمەنلىشىپ، بارلىق ئىشلاردا «مەن ۋە بىز»نىڭ پايدا-زىيىنىمىزنى ھەممىنى بەلگىلەيدىغان ئايرىش چېگراسى قىلدۇق.

بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا، مەن ۋە بىز ھەر كۈنى قۇياش كۆتۈرۈلگەندىن تارتىپ قۇياش پاتقىچە بولغان ۋاقىتتا، ئۇ ياكى ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش ۋە نۇسرەت قازىنىش ئۈچۈن ھەممىنى ئۇنتۇپ، بەدەنلىرىمىزنى تىتما-

تىنىما قىلىۋەتتۇق. پايدا - زىيان ئالدىدا، باشقىلارنىڭ كۆلپىتىنى پۇرسەت قىلىپ، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك قىلدۇق ۋە تۇزىنى يەپ تۇزلۇقنى چاقتۇق؛ باشقىلارنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلماقتا يوق، «ھەسسىلەپ پايدا ئېلىش»نى كۆزلەپ، يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز تارقاتتۇق. بىر قىسىم كىشىلەر يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى قۇل قىلماق ئۈچۈن، يەر شارىدا «گېرمان ئېسىل ئىرقى»، «چوڭ شەرقىي ئاسىيا ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرى» قاتارلىق غەلىتە نەزەرىيەنى پەيدا قىلدى ھەمدە 1 - دۇنيا ئۇرۇشى ۋە 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلارنىڭ سانى 30 مىليون بولۇپ، 1 مىليارد 500 مىليون ئادەم ئۇرۇشنىڭ كاساپىتىگە ئۇچرىدى؛ 2- دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلارنىڭ سانى 190 مىليون بولۇپ، 2 مىلياردتىن كۆپرەك ئادەم ئۇرۇشنىڭ كاساپىتىگە ئۇچرىدى.

«شەخسىي مەنپەئەت» تەگرى جانلىقلارنىڭ تېنىگە ئورۇۋەتكەن، چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل ۋىرۇس بولغان تەقدىردىمۇ، نېمە ئۈچۈن مۇشۇ «ۋىرۇس» ئۈچۈن ھايات - ماماتلىق ئۇرۇش قىلىمىز؟ ھەمكارلىشىپ ئورتاق مەنپەئەتلەنسەك نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ غەلىبىسىنى كۆزلەپ، بىر تەرەپنىڭ ھالاك بولۇشىنى كۆزلەيمىز؟ نېمە ئۈچۈن بىر تەرەپنى خۇشال يايرىتىپ، يەنە بىر تەرەپنى دەرد - ئەلەمگە مۇپتىلا قىلىمىز؟ نېمە ئۈچۈن بىر تەرەپ بۇ تەرەپتە نۇسرەت قازانسا، يەنە بىرى ئۇ تەرەپتە غەلىبە قىلىدىغان مەنپەئەتنى خالىمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن سۇدىكى بېلىققا ئوخشاش بىر قىسمى سۇ يۈزىگە يېقىن جايدا ياشىسا، بىر قىسمى سۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ياشايدىغان، يەنە بىر قىسمى سۇنىڭ ئەڭ ئاستىدا ياشايدىغان بولالمايمىز؟

ئورتاق مەنپەئەتنى كۆزلەش ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىدىكى 1 - باش تېما بولۇشى كېرەك. ھەمكارلىشىپ ئورتاق بەھرىلىنىش ئىنسانلارغا خاس ئەقىل - پاراسەتنى، شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئۆز سورتىنى ئەلالاشتۇرۇشتىكى يۈكسەك ئەقىل - پاراسىتىنى سىنايدىغان سىناق. بىزدە دەل مۇشۇنداق يۈكسەك ئەقىل - پاراسەت كەمچىل بولغاچقا، ئىنسانلار 1 - ۋە 2 - قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىن ساقلىنالمىغان.

بۇنداق ئەقىل - پاراسەت ھەممىگە زۆرۈر، ھەم ھەممە يەردە بار.

تۇم قارىلىق ئەسلىدە بىر خىل مەينەت نەرسە ئىدى، ئەقىل - پاراسەت ئۇنى ئۆچكە چۈپۈرىدىن ياسالغان موي قەلەم ۋە بىر قانچە تامچە سۈزۈك سۇ بىلەن ھەمكارلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا ئاسان قولغا كەلمەيدىغان سىياھ رەسىمى بارلىققا كەلدى. سۇ ۋە قارا سىياھنىڭ دۆلەت رەسىمگە ئايلىنىشى، بېلىجاننىڭ دۇملەپ پىشۇرۇلغان ئاچا قورۇمسىغا ئايلىنىشى، باجىيىنىڭ تاگسىگىغا ئەگىشىشى، دىڭ گوشۇننىڭ چاڭ بىلەن، ۋېن خۇيفېننىڭ ئېرخۇ بىلەن تەڭكەش قىلىشىدا ئورۇنلانغان «جياڭخې سۇلىرى» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەمكارلىشىپ ئورتاق بەھرىلىنىشنىڭ تىپىك مىساللىرى.

ھەممە ئادەم نەزەرگە ئېلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، شۇڭا ھەر بىر جانلىققا ئېتىبار قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. ئېزىش ۋە ئۇرۇش مەڭگۈ ناچار تەدبىر ھېسابلىنىدۇ، مەيلى ئىنسانلار بارلىق مەۋجۇداتلارغا قارشى تۇرۇپ ئېرىشكەن ياكى بىر گۇرۇھ يەنە بىر گۇرۇھقا قارشى تۇرۇپ ئېرىشكەن يەككە غەلىبىنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. يەككە غەلىبە ھامان يول قويۇش ۋە ماسلاشتۇرۇشنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرۇپ، بىر ئادەم، بىر تەرەپنى غوجايىن قىلسىمۇ، لېكىن، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە ئۆچ - ئاداۋەت ئۇرۇقى يېتىلدۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرى، ھەتتا ئۆزىمۇ خۇددى دىنازاۋۇرغا ئوخشاش يەر شارىدىن غايىب بولىدۇ.

باشقىلارنى كېرەكسىز دەپ قاراش، يىراق كەلگۈسىنى كۆرەلمەسلىكنى ئىپادىلەيدۇ؛ كىملەرنىدۇر زىيانداش دەپ قاراش، تەپەككۇرنىڭ چولتا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. كېرەكسىزلەر ۋە زىيانداشلارنى يوقىتىش نىشان قىلىنغاندا مەدەنىيەت يوقىلىدۇ؛ كېرەكسىزلەر ۋە زىيانداشلار ھەقىقىي يوقىتىلغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىمۇ يوقىلىدۇ. ئۇلارنى قانچىكى قەدىرلىيەلىسەك، بىز شۇنچىلىك كۈچلۈك بولالايمىز، ئۇلارنى قوغداش، دەل ئۆزىمىزنى قوغدىغان بىلەن تەڭ.

فەن گوبېن ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2016 - يىلى 7 - ئاي (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق)دىكى سانىدىن ئەمىنجان تۇرسۇن تەرجىمىسى

# ئۈچ گېرمانىيەلىك

ئېيزېنخوۋېر، پاتتون، مونتگومېرىگە ئوخشاش ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ گېنېراللىرى، ھەتتا گۇدېرىئان، لوممېر قاتارلىق ناتسىست ئوفىتسېرلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شولتىزنى ئانچە داڭق چىقمىغان دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ پىرۇسسىيەدىكى ئېسىلزادە ھەربىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، 29 يىللىق ھەربىي ھاياتىدا، ھەربىي بۇيرۇققا قاتتىق رىئايە قىلغان، قانخور ۋە رەھىمسىز بولۇپ، گوللاندىيەگە تۇنجى بولۇپ ھۇجۇم قىلغان، ۋارشاۋادىكى باستۇرۇشقا قاتناشقان؛ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇش مەيدانىدا، ئۇ 4800 ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارا دېڭىز فىلوتى بازىسى سېۋاستوپولنى ئىشغال قىلغان. ئۇ قوشۇن باشلاپ بۇ ھەربىي پورتقا ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، پەقەت 372 ئادەملا قالغانىدى. ئۇ گىتلېر ئەڭ ئىشىنىدىغان گېنېراللارنىڭ بىرى. 1944- يىلى، گىتلېر ئۇنى چوڭ پارىژ شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىقىغا تەيىنلىگەن.

«پارىژ كۆيدۈرۈۋېتىلدىمۇ؟» 1944- يىلى 8- ئاينىڭ 25- كۈنى، گىتلېر 3- ئىمپېرىيەنىڭ باش سەنمۇجاڭى ئودېلنى ئەيىبلەپ مۇشۇنداق سورىغان. ئودېل جاۋاب بەرمەيدۇ. بىر ھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن، گىتلېر بىر تەرەپتىن ئۈستەلنى كۈچەپ مۇشتلاپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئودېلغا ۋارقىراپ: «پارىژ زادى كۆيدۈرۈۋېتىلدىمۇ يوق؟» دەيدۇ. دەرۋەقە، پارىژ كۆيدۈرۈۋېتىلمىگەنىدى. بۇ شولتىزنىڭ ھەربىي ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ھەربىي بۇيرۇققا قارشى چىققانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گىتلېرنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىغانلىقى ئىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پارىژنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان پارتلاتقۇچ دورا بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى كۆۋرۈكنىڭ يېرىمىنى پارتلىۋەتكىلى بولىدىكەن. پارىژنى ئۇزۇل- كېسىل ۋەيران قىلىش ئۈچۈن، گېرمانىيە پارتلىتىش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، لوۋرى سارىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 100 گە يېقىن ئورۇنغا پارتلاتقۇچ دورا كۆمۈشنى پىلانلىغان. گىتلېر شۇلتىزغا: «پارىژ دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا قالسا ھەرگىز بولمايدۇ، بولمىسا ئۇ يەر بىر پارچە خارابىلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ» دېگەن.

شۇلتىز يۇقىرىدا گىتلېرنىڭ، تۆۋەندە پارتلىتىش ئەزالىرىنىڭ قاتمۇقات بېسىمىغا بەرداشلىق بېرىپ، پارىژنى پارتلىتىپ گۇمران قىلىش بۇيرۇقىنى باشتىن- ئاخىر چۈشۈرمىگەن. ئۇنىڭ بۇيرۇقى پەقەت «كېيىنكى بۇيرۇقنى كۈتۈڭلار» دېيىش بىلەنلا چەكلەنگەن، ھەتتا ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ تانكىلىرى پارىژغا بېسىپ كىرىپ، ئۆزى ئەسىرگە چۈشكەن ۋاقىتتىمۇ، «كېيىنكى بۇيرۇق»نى چۈشۈرمىگەن. گېرمانىيە ئۇنىڭغا دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتىنى يۈكلەپ، ئۇ قاتناشمىغان ئەھۋال ئاستىدا جازا ھۆكۈمى چىقارغان؛ ئىتتىپاقداش ئارمىيە ئۇنى سوراق قىلغان ھەمدە ئۇنى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى تۈرمىسىگە قامىغان.

ئەگەر 2- دۇنيا ئۇرۇشى بولمىغان بولسا، چېختا تۇغۇلغان گېرمانىيەلىك ئوسكار. شىندلېر بەلكىم پايدا- مەنپەئەتنىلا كۆزلەيدىغان سودىگەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن، ئۇ مال- دۇنياغا تويمايدىغان، ھايانكەش، شەھۋەتپەرەس، پىيەنچۇك، يالغانچى- كاززاپ ئادەم بولۇپ، ھەتتا گېرمانىيە ھەربىي ئاخبارات ئىدارىسى ئۈچۈن ئىشپىيونلۇق قىلغان، ئۇ بۇ ئىشنى مەلۇم غايە ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىشپىيونلارغا بېرىلىدىغان ھەقنىڭ كۆپلۈكىدىن قىلغان؛ ئۇ يەنە تىجارىتىگە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، ناتسىستلار پارتىيەسىگە ئەزا بولغان. ئۇنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ بايلىقىغا ئېرىشىش تەمەسى كۈچلۈك بولۇپ، پولشاغا يەھۇدىيلارغا باشپاناھ بولۇپ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرغىلى ئەمەس، بەلكى بىر يەھۇدىي تاشلىۋەتكەن سىر زاۋۇتىنى «ئۆتكۈزۈۋېلىش» ئۈچۈن بارغان. بىراق ناتسىستلار يەھۇدىيلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، شىندلېرنىڭ ئەتراپىدىكى يەھۇدىيلار بىر- بىرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، ئۇ ھەربىي ئەمەلدارلارغا تەلۋىلەرچە پارا بەرگەن، ھەتتا ئۇزاق يىلدىن بېرى يىغىپ كەلگەن ئالماسلارنى ئېلىپ چىقىپ سوۋغا قىلغان؛ تېخىمۇ كۆپ يەھۇدىيلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مال- مۈلكىدىن ئايرىلغان. پولشادا ھايات قالغان يەھۇدىيلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئۇ قوغداپ قالغان. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۇرۇشتىن كېيىن يەنىلا پۇشايمان قىلىپ:

«بۇ ئاپتوموبىلغا ئۇن جاننىڭ ھاياتىنى تېگىشكىلى بولىدۇ، ئاۋۇ ئالتۇن مېدالغا ئىككى جان...» دېگەن.

1999 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ساھابى، گېرمانىيەنىڭ ھازىرقى زامان يازغۇچىسى گۈنتېر. گراس 2006 - يىلى تەرجىمىھال ئەسىرى «پىياز ئاقلاش»نى نەشر قىلدۇرۇپ، گېرمانىيە جەمئىيىتىدە بىر قېتىملىق «يادرو پارتلىشى»نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تەرجىمىھالدا ئۇنىڭ نۇرغۇن ئادەملەر بىلمەيدىغان ئۆتمۈشى ئاشكارىلانغان. يەنى 1944 - يىلى 11 - ئايدا، 16 ياشلىق گراس چاقىرىققا بىنائەن پارتىيە قوغدىنىش ئارمىيەسىگە قاتناشقان. 1945 - يىلى 4 - ئايدا، گراس تۇرۇشلۇق تانكا روتىسىنى سوۋېت ئارمىيەسى قورشىۋالغاندا، ئۇ ھەربىي فورمىنى سېلىۋېتىپ قېچىپ كېتىدۇ...

بۇ كەچمىشلەر قىسقىغىنە بىر قانچە ئاي ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن، ئەمما كىشىلەر گراستىن گۇمانلانغان ۋە ئەيىبلىگەن، ئۇ بۇ ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت يوشۇرىدۇ! بىلىشىمىز كېرەككى، ئۇ گېرمانىيەلىكلەرنىڭ غۇرۇرى، گېرمانىيە خەلقىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يازغۇچىسى. ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي گېرمانىيە زۇڭلىسى بىراندتنىڭ ۋارشاۋادا ھەممىنى تاڭ قالدۇرۇپ تىزلانغىنى ھېلىمۇ ئېسىڭلاردىمۇ؟ شۇ ۋاقىتتا گراسمۇ نەق مەيداندا بار ئىدى، كېيىن ئۇ بىراندتقا ئەگىشىپ ئىسرائىلىيەگە زىيارەتكە بېرىپ، گېرمانىيەنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى تارىخىغا دىققەت - ئېتىبار بىلەن قارىغان. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭدىن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ھەتتا گېرمانىيە زۇڭتۇڭى مېركىلمۇ: «مەن بىزنىڭ دەسلەپتىلا بۇ تەرجىمىھالنى پۈتۈنلەي بىلىشىمىز كېرەك ئىكەنلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن. ئۇنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرى يوشۇرغانلىقى كىشىلەرنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىغان. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گراسنىڭ بۇ ئىشلارنى تىلغا ئالغانلىقىغا ئېچىنغان، دۇرۇس، ئەگەر گراس ئاشۇ بەش ئايلىق كەچۈرمىشنى ئۆزى سۆزلەپ بەرمىسە، ئۇ مەڭگۈلۈك سىر بولۇپ قالغان بولاتتى؛ ئۇنىڭ ئوبرازى يەنىلا ناھايىتى يۈكسەك ئورۇندا بولۇپ، ھەتتا ھەققىي ئەخلاق ئىگىسى دەپ تەرىپلىسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا پۇشايمان قىلىشنى تاللىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

شولتىز ئورنىدىن چىققاندىن كېيىن، فىرانسىيەلىكلەر ئۇنى پارىژغا كېلىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى خۇددى ئۆز قېرىندىشىنى قارشى ئالغاندەك قارشى ئالدى، شولتىز مۇنداق دەيدۇ: «پارىژنى گۇمران قىلغان ئادەمنى تارىخ ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.» ئۇرۇشتىن كېيىن پۈتكۈل مال - دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قالغان شىندلېر نامراتلىقتىن چۈشكۈنلىشىپ كېتىدۇ؛ ئۇ تاكى كۆز يۇمغانغا قەدەر نامراتلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ، ئەمما ئۇ ناتسىست پارتىيەسىنىڭ يېرۇسالېمدىكى ئىنسان تېغىغا دەپنە قىلىنغان بىردىنبىر ئەزاسى بولۇپ قالىدۇ. گۈنتېر. گراس 2015 - يىلى ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن، ئامېرىكىلىق داڭلىق يازغۇچى جون. ئوۋۋىن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ: «ماڭا نىسبەتەن، سىز يەنىلا بىر قەھرىمان، يەنە بىر ئەخلاق مايىكى، سىزنىڭ يازغۇچى ۋە پۇقرا بولۇش سۈپىتىڭىزدىكى غەيرەت - شىجائىتىڭىز ھەممە ئادەمگە ئۈلگە بولالايدۇ» دېگەن.

ئۈچ گېرمانىيەلىك ئوخشىمىغان شەكىلدە نېمىنىڭ ئومۇمىي ساۋات ۋە ۋىجدان ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ بەردى.

دې چىڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2016 - يىلى 4 - ئاي (كېيىنكى يېرىم ئايلىق)دىكى ساندىن ئىمىنجان تۇرسۇن تەرجىمىسى

## پېشىپ يېتىلگەن پۇقرالىق ئىدراك يېتىلدۈرۈش

يېقىندا، شۋېيتسارىيە توغرىسىدىكى بىر پارچە خەۋەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. شۋېيتسارىيە ھۆكۈمىتى ھەر بىر قورامىغا يەتكەن پۇقراغا ھەقسىز ھالدا ئايدا 2500 شۋېيتسارىيە فىرانكى، ھەر بىر ئۆسمۈرگە 625 شۋېيتسارىيە فىرانكى تارقاتماقچى بولغان بولۇپ، بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا، ئايرىم - ئايرىم ھالدا 16 مىڭ 800 يۈەن ۋە 4200 يۈەن بولىدۇ. ئاسماندىن ئۇشتۇمتۇت پۇرە ياغقانغا ئوخشايدىغان بۇنداق ياخشى ئىشنىڭ ئومۇمىي خەلق بېلەت تاشلاش نەتىجىسى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئېلان قىلىنغاندا، 76.9% پۇقرانىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ئىنكار قىلىنغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىنى يۇقىرى كۆتۈ-

رۇش، قانۇندا بەلگىلەنگەن مائاشلىق دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي خەلق بېلەت تاشلاش ئارقىلىق ھەممىسىنى رەت قىلغان.

شۋېيتسارىيەلىكلەرگە نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ھەقسىز پۇل تارقىتىش، مائاشلىق دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى رەت قىلىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرسەك، شۋېيتسارىيەلىكلەرنىڭ قىممەتلىك پۇقرالىق ئىدراكىغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز. بىرىنچىدىن، پاراۋانلىق قانچىكى يۇقىرىلىسا، باجمۇ شۇنچە يۇقىرىلايدۇ، چۈنكى دۇنيادا ئەزەلدىن ھەقسىز تاماق بولۇپ باقمىغان؛ ئىككىنچىدىن، شەرتسىز پاراۋانلىقنىڭ كۆپىيىشى پەقەت بىر قىسىم «كەتمەن چاپماي گىردە يېيىش»نىڭ كويىدا بولۇشتەك ھورۇنلۇق ئىدىيەسىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەب بولۇپ، جەمئىيەت تەننەرخىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ، ھالبۇكى، بۇنداق تەننەرخ پەقەت باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، شۋېيتسارىيە ئەسلىدىنلا دۇنيا بويىچە مال باھاسى ئەڭ يۇقىرى دۆلەت، ئەگەر زور مىقداردىكى پۇل بازارغا ئېقىپ كىرسە، پۇل پاخاللىق كرىزىسى پەيدا بولۇپ، مال باھاسىنىڭ تېخىمۇ ئۆسۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق ئۇنىۋېرسال ھېسابلاپ كۆرگەندە، پۇقرالارنىڭ پايدىسى زىيىنىنى قاپلىيالمايدۇ.

پىشىپ يېتىلگەن پۇقرالىق ئىدراك شارائىتىدا، پۇقرالار بۇنداق نامەلۇم بايلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر: «ئادەم مال ـ دۇنيا ئۈچۈن، قۇش دان ئۈچۈن ئۆلىدۇ» دېيىشىدۇ، ئەمما مال ـ دۇنياغا نىسبەتەن، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەتئەلگىچە مۇنداق بىر پولاتتەك قانۇنىيەت بار: «ئاسماندىن ھەرگىزمۇ بىكاردىن ـ بىكارغا پۆرە ياغمايدۇ.» ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاسماندىن بىكارلىق «پۆرە» چۈشۈپ، سىزنىڭ يېيىشىڭىزگە نېسىپ بولسا، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم گېلىڭىزدا تۇرۇپ قېلىپ، ناھايىتى يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. مەلۇم بىر بىنادىن بىر يۈرۈش تاۋار ئۆي سېتىۋالغاندىن كېيىن، ھەر خىل «پۆرە» تېلېفونلىرىنى كېلىشكە باشلىدى. بەزىلىرى رەنىسىز پۇل قەرز بېرىمىز دېسە، بەزىلىرى مېھمانسارايىنىڭ قىممەتلىك مېھمانلىرىنى كۈتۈۋېلىش دەرىجىسىدىن بەھرىمەن قىلىمىز دەيتتى، بەزىلىرى مېنى ئېتىبارلىق كوللېكتىپ مال سېتىۋېلىشقا قاتنىشىشقا ئۈندىسە، يەنە بەزىلىرى ماڭا ئاۋات رەستىدىن دۇكان ـ ساراي تونۇشتۇراتتى، ھەتتا ماڭا يۇقىرى پايدا يارىتىپ، مالىيە ئىشلىرىمنى ھەقسىز باشقۇرۇپ بېرىدىغانلارمۇ چىقتى... بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا، مەن ھەممىسىگە بىردەك: «بۇنداق ياخشى پۇرسەت كەلگەندە، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈڭلار» دەپ جاۋاب بەردىم. ئەمما ھازىر مەخسۇس پېنسىيەگە چىققان مويسىپىتلار ئۈچۈن «پۆرە» ياغدۇرىدىغان بىر توپ كىشىلەر پەيدا بولدى. بىر قانچە كۈن ئىلگىرى، قېيىنسىڭلىم تېلېفون ئۇرۇپ، قېيىنئاتام، قېيىنئانامنىڭ تەكلىپكە بىنائەن ياشانغانلار ھەقسىز ساياھەت قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشقىلى كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن بۇ ئىشنى دېگەندەك توغرا تاپمىدىم، نەتىجىدە، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قېيىنسىڭلىم قېيىنئاتام، قېيىنئانامنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى، ساياھەتنىڭ ھەقىقەتەن ھەقسىز ئىكەنلىكىنى، ئەمما باھاسى 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ساغلاملىق دورىسىنى «پەقەت ساياھەت پائالىيىتىگە قاتناشقان ئەزالارنىڭلا سېتىۋېلىش سالاھىيىتى بار ئىكەنلىكى»نى ئىنكاس قىلدى. مەن پەقەت ئۇنىڭغا: «دورىنى سېتىۋالغان بولسا بوپتۇ، ئەمما ھەرگىز يېمىسۇن» دېدىم. قەدىمكىلەر مۇنداق دېگەن: «ئەركەك مال دۇنياغا ھەر قانچە ئىنتىلسىمۇ، لېكىن ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك»، كېلىش مەنبەسى نائېنىق بايلىقلارنىڭ مەنبەسى ئەسلىدىنلا ساپ ئەمەس، ئۇنى قانداقمۇ قوبۇل قىلغىلى بولسۇن؟

پىشىپ يېتىلگەن پۇقرالىق ئىدراكقا ئىگە پۇقرالار ھەرقانداق رەزىللىكتىن مۇستەسنادۇر. داڭلىق ماقالىدىكى بىر ئابزاستا مۇنداق دېيىلگەن: مەلۇم بىر رەھبەرنىڭ يېزىغا كۆزدىن كەچۈرۈشكە چۈشكەن ۋاقتى تاماق ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قاپتۇ، دېھقانلار رەھبەرنى سېخىيلىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ: «بۇ كۆكتاتلارنى ئەسلى ئۆزىمىز يەيمىز دەپ تېرىغان، بەھۇزۇر يەۋەرسىلە» دەپتۇ. شۇنداق، كۆكتاتنى شەخسلەر ئۆزلىرى تېرىۋالسا بولىدۇ، لېكىن تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئۈچۈن يەنە گۆش بولمىسىمۇ بولمايدۇ، شۇڭىنىسى دېھقانلار ھازىر ئۆز قورۇسىدا چوشقا باقمايدىغان بولۇپ قالدى. بوۋاق ئۈچۈن سۈت پاراشوكىغا ئېھتىياجلىق بولىمىز، ئەمما سۈت پاراشوكىنى ئۆزىمىز ئىشلەپچىقىرالامدۇق؟ چوڭ قىسقۇچپاقىنىڭ قارنىدىن تۇغۇت چەكلەش دورىسى چىقىۋاتقان، ئۆردەك

تۇخۇمى سېرىقىغا سۇدان قىزىلى ئارىلاشتۇرۇلغان، تۇربوت بېلىقىنىڭ قارنىدا مىس رۇدا تاشلىرى چىقىۋاتقان، سۈت پاراشوكىغا مېلامىن ئامىن ئارىلاشتۇرۇلۇۋاتقان، ھەتتا سۇ مەنبەسى، ئاتموسفېرامۇ بۇلغانغان، جەمئىيەت بىر - بىرىگە زىيان يەتكۈزۈش ئەندىزىسى دەۋرىگە قەدەم قويغان مۇشۇنداق ۋەزىيەتتىن كىملەر ئۆزىنى ئېلىپ قاچالايدۇ؟ قەدىمكىلەر شۇنداق ئېيتىدۇ: «زەررىچىلىك يامانلىقنىمۇ قىلماسلىق زۆرۈر»، ھەممە ئادەم بەلكى ئاز - تولا يامان ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن، بەزى ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى شۇكى، ئاشۇ ئادەملەر قىلغان كىچىككىنە يامان ئىش ئۈچۈن، باشقىلار بىر قانچە ھەسسە ياكى نەچچە ئون ھەسسە بەدەل تۆلىشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا پىشىپ يېتىلگەن پۇقرالىق ئىدراكنى قانداق يېتىلدۈرۈش كېرەك؟ تەشۋىق - تەربىيەنىڭ رولى ھەقىقەتەن ئىنتايىن مۇھىم، ئەمما تۈزۈم ئارقىلىق يېتەكلەشنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ زور بولىدۇ.

غەربىي قىسىمدىكى مەلۇم جاي ئەسلىدە قەدىمىي پايتەخت بولۇپ، يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىنتايىن مول بولغاچقا، كىشىلەر ئۆي سېلىش جەريانىدا ناھايىتى كۆپ قەدىمكى ئەسۋاب - جابدۇقلارنى قېزىۋالاتتى. بۇ قەدىمكى ئەسۋاب - جابدۇقلار بىباھا بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ئاشۇ ئاسار ئەتىقىلەرنى ئوتتۇغۇچ بىلەن ئۇرۇپ يانچىۋەتكەن، بۇ ئىش كىشىنى ھەقىقەتەن تولىمۇ ئېچىندۇرىدۇ.

نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدۇ؟ سەۋەبى شۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنىڭ 79 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «نامەلۇم كۆمۈلۈپ قالغان مۈلۈك، يوشۇرۇن مۈلۈكلەر دۆلەتكە تەئەللۇق. قوبۇل قىلغان ئورۇن يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئورۇن ياكى شەخسنى مۇۋاپىق تەقدىرلەيدۇ ياكى ماددىي بۇيۇم بىلەن مۇكاپاتلايدۇ». گۇاڭدۇڭلۇق لىن ئەپەندىم دۆڭجياڭ دەرياسىدىن قارا ئەبنۇسقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەرسىدىن 44نى سۇزۇۋالغاندىن كېيىن قاماپ قويۇلغان، باھالاپ بېكىتىش ئارقىلىق، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەقىقەتەن كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان قىممەتلىك بۇيۇم ئىكەنلىكى بايقالغان، يەرلىك ھۆكۈمەت: «لىن ئەپەندىمنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى دۆلەتكە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت لىن ئەپەندىمنى 5000 يۈەن بىلەن مۇكاپاتلاپ، شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىدىغانلىقى» توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلغان.

ماھىيەت جەھەتتە، بۇنداق تۈزۈم لايىھەسى ئامما بىلەن مەنپەئەت تالىشىش گۇمانىنى قوزغىماي تۇرالمايدۇ. قانۇن تۈزگۈچىلەر بەلكىم دۆلەتنىڭ ھەقىقىي غوجايىنلىرىنىڭ خەلق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، شەخسلەر قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قېزىۋېلىپمۇ تېگىشلىك نەپكە ئېرىشەلمىسە ھەممىدە غايەت زور مەنپەئەت پەرقى كۆرۈلسە، كىشىلەر تەبىئىي ھالدا قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، شۇڭا، قېزىۋالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپلا ئىشنى تۈگەتكەن.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «تۈزۈم دۆلەتنىڭ ۋىجدانى، بەلگىلىمە ئاۋامنىڭ ئەقىل - پاراستى.» ياخشى تۈزۈم ئەلۋەتتە ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى ياخشىلىقنى قوزغىتىپ، ئادەملەرنى بەلگىلىمىگە رىئايە قىلىش، ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، پىشقان پۇقرالىق ئىدراكىمۇ يېتىلىدۇ. پىشىپ يېتىلگەن پۇقرالىق ئىدراك جەمئىيەت ئەخلاقىدىكى ياخشى تەرتىپنى ساقلاپلا قالماستىن، ھەتتا ئەل رايى ئارقىلىق ئىدراكسىز بەلگىلىمە ياكى سىياسەتنى ئىنكار قىلىدۇ.

چېك سىسەي ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2016 - يىلى 8 - ئاي (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق)دىكى سانىدىن ئەمىنجان **تۇرسۇن** تەرجىمىسى

## جۇڭگوچە تەپەككۇر

ھەر يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى نومۇر سىزىقى ئېلان قىلىنىپ، ئارزۇ تولدۇرۇشتىن بۇرۇن، ئالىي مەكتەپلەردە خىزمەت قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر قىسىم ئورۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ئۇرغان تېلېفوننى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلار مەلۇم نومۇر بىلەن «داڭلىق ئالىي مەكتەپ»لەرگە ئۆتكىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى، مەلۇم بىر كەسپنىڭ ئىستىقبالىنىڭ بار ياكى يوقلۇقى

قاتارلىق ئەھۋاللارنى سۈرۈشتە قىلىشىدۇ. ئەگەر سىز يىللاردىن بۇيانقى قوبۇل قىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، قارشى تەرەپكە سىلىق - سىپايە ھالدا ئۇ نومۇر بىلەن ئۆتۈشنىڭ بىر ئاز قىيىن ئىكەنلىكىنى ئېيتقىنىڭىزدا، سۈرۈشتۈرگۈچىنىڭ كېيىنكى بىر جۈملە سۆزى چوقۇم: «مۇناسىۋەت ئىزدەپ، ئاز - تولا پۇل خەجلىسەك ئۆتكۈزگىلى بولارمۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا، مەن ئادەتتە تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالىمەن، بەلكىم سۈرۈشتۈرگۈچى سۈرۈشتە قىلىنغۇچىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى بىر ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىنى، دەرسخانىدا نېمىنى سۆزلىسە گېپى گەپ بولىدىغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە باشقا ئىشلارنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن.

ئەمما، سۈرۈشتۈرگۈچىنىڭ «مۇناسىۋەت ئىزدەپ، پۇل خەجلەش يولى بىلەن ئىشلارنى ھەل قىلىش»تەك پىسخىكىلىق ھالىتى ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنى بىر خىل جۇڭگوچە تەپەككۇر دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بۇنداق تەپەككۇر ئەندىزىسى كۈندىلىك تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا گەۋدىلىنىپلا قالماستىن، ھەتتا چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش جەريانىدىمۇ، ئىختىيارسىز ھالدا مۇۋاپىق دەپ قارىغان ئاساستا ئۆلاپ، ئەسلىي ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىنى بىۋاستە ئۆزگەرتىۋېتىشتىمۇ گەۋدىلىنىدۇ.

لىندانىڭ داڭلىق ئەسىرى «يول بويى ئوقۇش»قا «چىنلىق ۋە ئەمەلىيەت — تەرجىمە ۋە مەدەنىيەت ھەققىدە سۆھبەت» ناملىق ماقالە كىرگۈزۈلگەن. ماقالىدە تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، تەرجىمان ھەمىشە ئۆزى ياشاۋاتقان ماكان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن، ئەسلىي ئەسەرنى سۇبيېكتىپ قىياسى بويىچە چۈشىنىۋالىدىغان بولغاچقا، بىر قىسىم كۈلكە خۇرۇچلىرىنى پەيدا قىلىپ، تەرجىمە ئەسەر ئوقۇرمەنلىرىدە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. لىندا مۇنداق دەيدۇ: بىز تېخىمۇ تېز ئوقۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن «نيۇيورك پوچتا گېزىتى»نىڭ غوجايىنى گراھامنىڭ «شەخسىي تارىخ» تەرجىمىسىنى ئوقۇپ چىقىپ، بىر قىسىم نامۇۋاپىق جايلىرىنى بايقىدۇق. مەسىلەن: گراھامنىڭ ئاتىسى «نيۇيورك پوچتا گېزىتى»نى ئەمدىلا سېتىۋالغان ۋاقىتتا، گېزىتخانىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا بىر قىسىم تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، ئىچىدە مۇنداق بىر ماددا بار ئىدى: «گېزىتنىڭ 1-بۇرچى شۇكى، جامائەتنىڭ يېتىشچە ئەمەلىيەتكە يېقىنلىشىپ، دەلىللەنگەن ھەقىقەتنى خەۋەر قىلىش»، ئەمما بۇ ماددا «گېزىتنىڭ 1-بۇرچى شۇكى، ھەقىقەتنى بايقىغان ھامان تەشۋىق قىلىش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. دېمەك، ئەسلىدىكى «truth» «ئەمەلىيەت» دېگەن سۆز، «ھەقىقەت» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

لىندا يەنە كىتابتىكى مەدەنىيەتنى خاتا چۈشىنىپ قېلىش سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن تەرجىمە خاتالىقى توغرىسىدا توختالغان. مەسىلەن: ۋاتېرگېيت ۋەقەسىنى خەۋەر قىلىش جەريانىدا، «نيۇيورك پوچتا گېزىتى» سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەسلىدىكى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى چاقىرىقنامىسىنى تاپشۇرۇۋالغان. ئەسلىي ماقالە خەنزۇچىگە مۇنداق تەرجىمە قىلىنىشى مۇمكىن: «ئەڭ ئاخىرقى چاقىرىقنامە بىكار قىلىندى. ئەمما بىز بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ ۋە پۇل سەرپ قىلدۇق.» ئامېرىكىلىق ئوقۇرمەنلەر شۇنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇكى، بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر «نيۇيورك پوچتا گېزىتى»نىڭ چاقىرىقنامىگە باشقىچە پىكرى بولسا، چوقۇم پۇل خەجلەپ ئادۋوكات تەكلىپ قىلىپ، ئادۋوكات بىلەن قانۇندىن قانداق پايدىلىنىپ، ئەدلىيە تارماقلىرى بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىش ھەققىدە زور مىقداردا ۋاقىت ۋە پۇل سەرپ قىلىپ، ئالاقىدار ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىدۇ. ئەمما لىندانىڭ خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن كۆرگىنى: «بىز پۇل خەجلەپ، ئىشلارنى راۋانلاشتۇرغاندىن كېيىن، چاقىرىقنامە بىكار قىلىندى.» پەقەت «راۋانلاشتۇرۇش» دېگەن خەت سەۋەبىدىنلا، جۇڭگولۇق ئوقۇرمەنلەردە «يازغۇچى سوتچىغا پارا بېرىپتۇ» دەيدىغان خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ. تەرجىمانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بەلكىم ئۇ ياشاۋاتقان مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى شارائىتنىڭ قايتقان تەسىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەكسىچە، ئامېرىكىلىق ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق چۈشەنچە ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

لىندانىڭ بۇ قىسقا ماقالىسىنى كۆرگەندىن كېيىن،

جۇڭگوچە تەپەككۇر تەرجىماننىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا، مۇشۇنداق نەتىجە كېلىپ چىققان بولسا كېرەك دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. بەلكىم يازغۇچى راستىنلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سوتچىلار دەۋالاشقۇچىلارنىڭ پارا بېرىشىگە موھتاج، شۇنداق بولغاندىلا يول راۋان بولىدۇ، دەپ ئويلىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. قانۇن ساھەسىدە مۇنداق بىر ھېكايە كەڭ تارقالغان: بىر جۇڭگو شىركىتى ئامېرىكىدا سوتقا تارتىلغان، ئامېرىكىلىق ئاقلىغۇچى ئادۋوكات تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو تەرەپنىڭ دەۋادا ئۇتتۇرۇپ چىقىش نىسبىتىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. بۇ چاغدا جۇڭگو تەرەپ ئادۋوكاتتىن «سوتچىنى تاماققا تەكلىپ قىلغىلى بولامدۇ؟» دەپ سورىغان، بۇ تەلەپنى ئاڭلىغان ئامېرىكىلىق ئادۋوكات قاتتىق ھەيران بولۇپ، خېلى بىر كەمگىچە كۆلكىدىن ئۆزىنى تۇختىتالمىغان ھەمدە بۇ تەلەپنى قەتئىي رەت قىلغان. بىراق سوت ئېچىلغاندا، سوتچى قارشى تەرەپنىڭ دەۋالاشقۇچىسى ۋە ئادۋوكاتىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن، جۇڭگو تەرەپ ئۇتتۇرۇۋېتىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى چوڭ دەۋادا مۆجىزىلەرچە غەلىبە قىلغان. جۇڭگو تەرەپ تەكلىپ قىلغان ئادۋوكات داڭ قېتىپ قېلىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغاندا، جۇڭگو تەرەپنىڭ ھاۋالە قىلغۇچىسى سىرلىق قىلىپ: «بىز قارشى تەرەپنىڭ نامىدا سوتچىغا ئازراق پۇل سوۋغا قىلىۋەتكەندۇق!» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇ «قارا نىيەت» جۇڭگولۇقنىڭ ھېكايىسى بەلكى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ ھېكايىنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق ھالدا جۇڭگو تەرەپ ھاۋالە قىلغۇچىسىنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىنىڭ راستلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ. چۈنكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا مەيلى چوڭ ياكى كىچىك ئىش بولسۇن، ھەل قىلىش تەپەككۇر يولىمىز ئاساسەن مۇناسىۋەت ئۇزدەشتە گەۋدىلىنىدىغان بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان ھەرقانداق مۇناسىۋەتلىك ئادەمنى قولدىن بەرمەيمىز. تېخىمۇ ئامىباب قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق جۇڭگوچە تەپەككۇر باشقىلارغا يېلىنىپ ئىش بېجىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۈگۈن پەرزەنتىمىزنى مەكتەپكە ئالدۇرۇش ئۈچۈن ماڭا يېلىنسىز، چوڭلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن، ئەتىسى مەن سىزگە يالۋۇرىمەن، يالۋۇرۇشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن يالۋۇرمىسا ئىش بېجىرگىلى بولمايدىغان غەلىتە بىر چەمبىرەك ھاسىل بولىدۇ. ھەممە ئادەم ئاغرىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن يەنىلا داۋاملىق باشقىلارغا يېلىنىدۇ ياكى يېلىندۇرىدۇ. بۇنىڭدىن بۇنداق تەپەككۇر شەكلى تەسىرىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقى ۋە يامراپ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇنداق ئىجتىمائىي ساقايماس ئاغرىقنى يوقىتىش ئۈچۈن، تۈزۈم قۇرۇلمىسى ۋە ئىجتىمائىي بىرىكمە كۈچىنىڭ رولىغا موھتاج بولىمىز، خۇددى «باشقا تاغنىڭ تاشلىرىدىن قاشتېشى قىرىۋېلىش»قا ئوخشاش، باشقا ئەللەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىدىن ئۆرنەك ئېلىشقىمۇ بولىدۇ، بۇنداق قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇكى، بۇنداق ئۇسۇللارغا نىسبەتەن چوقۇم ئوبيېكتىپ ۋە ھەقىقىي چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش كېرەك. شۇڭلاشقا «شەخسىي تارىخ»نىڭ تەرجىمانىغا ئوخشاش، چەت ئەللىكلەرنىڭ قانۇن ئىشلىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىگە دۇچ كەلگەن ۋاقىتتا، تەبىئىي ھالدا پۇل خەجلەش ئارقىلىق مۇناسىۋەت يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىغان ئەۋلىيا تەرجىمانلار ئىچكى ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان ئوقۇرمەنلەردە «ئەسلىدە ئامېرىكىدا ئىش بېجىرگەندىمۇ پۇل خەجلەپ مۇناسىۋەت يولىنى راۋانلاشتۇرغىلى بولىدىكەن، قانۇن - تۈزۈم دۆلىتى دەپ ئاتالغان ئامېرىكىمۇ تايىنلىقكەن» دەيدىغان قاراشنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇنداق ئۆزگىچە تەپەككۇر شەكلى كەلتۈرۈپ چىقارغان خاتا تەرجىمە پەقەت خاتا، ساختا ئۇچۇر تارقىتىپلا قالماستىن، بىزنىڭ ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ياكى تۈزۈمنىڭ قىممىتىگە توغرا باھا بېرىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا تەرجىمانلار چوقۇم قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

ما جيەنخۇڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2016 - يىلى 7 - ئاي (كېيىنكى يېرىم ئايلىق)دىكى سانىدىن

ئىمىنجان تۇرسۇن تەرجىمىسى

تىلماچ: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك پارتكوم ئىشخانىسى تەرجىمە مەركىزىدىن

# يات ئەل سەپىرىدە نام چىقارغان تاگور

شېئىرنى ئالدى بىلەن باشقىلار چۈشىنەلىشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ئۇنى باشقىلار قوبۇل قىلالايدۇ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالالايدۇ. ھىندىستاننىڭ بۈيۈك شائىرى تاگورنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى يالغۇز ئۇنىڭ ئاجايىپ ئەدەبىيات تالانتى ۋە مېھرىبانلىق ئىدىيەسىدىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى شەخسەن ئۆزى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقاتقانلىقى، ئەسەر باھالىغۇچىلارنىڭ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى جەھەتتە ھېچقانداق بىر توسالغۇغا ئۇچرىماي ئەسەرنى باھالاپ چىققانلىقىدىن ئىدى. ئۇقۇرمەنلەر شۇنىڭدىن خەۋەرسىزكى، ئەگەر تاگور ئاشۇ قېتىم ناھايىتى كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىپ كەلمىگەن بولسا، ئۇ ئۆمۈر بويى پەقەت ئۆز جايىدىكى ئازراقلا نامى چىققان بىر شائىر بولۇپلا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى.

تاگورنىڭ تولۇق ئىسمى رابىندانات تاگور بولۇپ، ئۇنىڭ جەمەتى ھىندىستاندىكى ئەڭ ئالىي تەبىقىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلى ئاساسى كىچىكىدىن ئادەتتىكىچىلا بولۇپ كەلگەچكە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىنى ئانا تىلى بېنگال تىلى بىلەن ئېلىپ بارغان. تاگور 51 ياشقا كىرگەندە بېنگالدا بەلگىلىك شۆھرەت قازاندى، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى تاگورنىڭ بېنگال ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا باشلىدى. 1912- يىلى ھىندى كالېندارى بويىچە بايساك ئېيىنىڭ 28- كۈنى، بېنگال ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن كالكوتتا شەھەرلىك ھۆكۈمەت زالىدا تەنتەنىلىك تەبرىكلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، رابىندرانات تاگور تۇغۇلغانلىقىنىڭ 51 يىللىقىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇنىڭغا «شەرەپ گۇۋاھنامىسى» بەردى. بۇ ھىندىستاندا بىر بېنگال ئەدىبىنىڭ تۇنجى قېتىم مۇنداق چوڭ شەرەپكە ئېرىششى بولۇپ، بۈيۈك شائىر تاگور ئالدى بىلەن ئۆز ۋەتىنىدە ئېتىراپ قىلىنغان ۋە تەقدىرلەنگەن، بۇ تاگور ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئالەم ئۇزۇن، ئۆمۈر قىسقا ھەم جاپالىق، تاگور ھاياتىدا 51 يىلنى بېسىپ ئۆتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ قاتتىق ھېرىپ- چارچاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغاچقا، بەكمۇ دەم ئالغۇسى كېلىۋاتاتتى. بۇ چاغدا لوندوندا تۇرۇۋاتقان ئىككى دوستى خەت يېزىپ ئۇنى ئەنگلىيەگە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ئەسلىدە، تاگور بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چەت ئەللەرگە چىقىپ «كۆزنى ئېچىپ» كېلىشنى ئويلىغانىدى، ئەمما، سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا ئۇ بۇ ساياھەتتىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئىش تاگورنى كۆپ روھسىزلاندۇرۇۋەتتى. شۇڭا دوختۇر تاگورغا سىرتقا چىقىپ دەم ئېلىپ كېلىش، مۇھىت ئالماشتۇرۇپ بېقىش تەكلىپىنى بەردى. بۇنىڭ بىلەن تاگور سىرىدا قورۇقىغا قايتىپ كېلىپ دەم ئالدى. ئەمما، تاگور بىكار تۇرۇشنى خالىمايدىغان ئادەم ئىدى، ئۇ بىر قانچە كۈن دەم ئالا- ئالمايلا ئولتۇرالمايلا قالدى، ئۇ بىكار يۈرۈۋېرىپ ئىچى پۇشۇپ كەتكەچكە، ئۆزىنىڭ «گىتانگالى» ناملىق شېئىرىنى ئېنگلىزچە تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى. تاگور ئۆزىنىڭ ئىنگلىزچە سەۋىيەسىنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئەزەلدىن ئىنگلىزچە ئەسەر يازمىغانىدى. ئەمما ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەندە ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ھەمدە بۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپتى. ئۇنىڭ بۇ تەرجىمىسى ئەمەلىيەتتە بىر قايتا ئىجادىيەت ئىدى، ئۇ ھەر بىر شېئىرنى مىسرامۇمىسرا، قۇرمۇقۇر تەرجىمە قىلماستىن، بەلكى بەزى جايلىرىنى قىسقارتىپ، بەزى جايلارنى قوشۇپ، ھەتتا ئىككى شېئىرنى بىر شېئىر قىلىپ تەرجىمە قىلدى.

بىر مەزگىل دەم ئېلىپ داۋالانغاندىن كېيىن، تاگورنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى، شۇڭا يەنە چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىش ئىشى توغرىسىدا ئويلىنىشقا باشلىدى. قىسقا بىر مەزگىل ئارىسالدى بولغاندىن كېيىن، تاگور ئەنگلىيەگە قىلىدىغان سەپىرىنى ئاخىر بېكىتتى. كىممۇ ئويلىغان؟ قارىماققا تاسادىپىيلا چىقىرىلغاندەك كۆرۈنگەن بۇ قارار بۇ بۈيۈك ئۇستازنىڭ نامىنى پۈتۈن دۇنياغا تاراتتى.

1912- يىل 5- ئاينىڭ 27- كۈنى، تاگور ئوغلى ۋە كېلىنىنى ئېلىپ لوندونغا بارىدىغان پاراخوتقا چىقتى. ئۇ ھېلىقى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان شېئىرلارنى ئېلىۋالغانىدى. ئۇ سەپەر ئۈستىدە يەنىلا شېئىرلىرىنى تەرجىمە قى-

لىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇزۇن سەپەردىكى ئىچ پۇشۇقىنى تۈگەتتى. ئۇ بېنگال تىلىدا نەشر قىلىنغان «گىتانگالى» ناملىق توپلامدىن 51 پارچە شېئىرنى تاللاپ تەرجىمە قىلدى، «سېغىنىش»، «نەزىر قىلىش»، «كېچىك»، «بالىلار» قاتارلىق توپلاملاردىن 52 پارچە شېئىرنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ، 103 پارچە شېئىرلىق توپلام قىلدى، مانا بۇ «گىتانگالى»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىدۇر.

پاراخوت لوندونغا بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەي تاگور ئەنگلىيەدىكى دوستى مەشھۇر رەسسام روسېنستەيىننى يوقلاپ باردى. پاراڭ ئارىلىقىدا روسېنستەيىن ئۆزىنىڭ شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرۈپ بېقىش ئارزۇسى بارلىقىنى بىلدۈردى، شۇڭا تاگور ئۆزى ئېلىپ كەلگەن شېئىرلارنىڭ تەرجىمىسىنى ئۇنىڭغا بەردى. ئەنگلىيەلىك بۇ رەسسام ئۇ شېئىرلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ھاياجانلىنىپ، بۇ ئىنتايىن گۈزەل يېڭىچە شېئىرلار ئىكەن دەپ قارايدۇ. ئەتىسى روسېنستەيىن بۇ شېئىرلارنى يەنە بىر شائىر دوستىغا كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ بۇ دوستىمۇ ئوخشاش ھېسسىياتتا بولىدۇ.

روسېنستەيىن دەرھال داڭلىق شائىر يېتسقا: بىر بۈيۈك شائىر ئالدىمىزغا كەلدى، دەيدۇ.

يېتس دەسلەپتە بۇنىڭغا ئانچە ئېتىبار بەرمەي پەرۋا قىلمايدۇ، روسېنستەيىن ئۇنىڭغا خەت يازغاندىن كېيىن، ئاندىن سەل ئىشىنىپ ئۇ شېئىرلارنى ئۆزىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى ئېيتىدۇ. يېتس بىر قىسىم شېئىرلارنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال لوندونغا كېلىپ ھەممە شېئىرلارنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ بۇ شېئىرلارنى قايتا - قايتا كۆرۈپ چىقىپ ئىنتايىن ھاياجانلىنىدۇ. ئۇ: بۇ شېئىرلاردا ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات مەن ئۆمۈر بويى ئىزدەنگەن دۇنيانى نامايەن قىلىپ بېرىپتۇ، دەيدۇ.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچتە، روسېنستەيىن ئەنگلىيەلىك بەزى شائىرلار، يازغۇچىلار ۋە داڭلىق جامائەت ئەربابلىرىنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىدۇ. بۇ يىغىلىشقا: پائۇند، مىنكلايىر، رېتس، ترېۋېليان، فوكس قاتارلىق كىشىلەر قاتناشقانىدى. بۇ يىغىلىشتا، تاگور چارلىز ئاندىرۇس بىلەن تونۇشىدۇ، بۇ كىشى كېيىن تاگورنىڭ ئۆمۈرلۈك يېقىن دوستى بولۇپ قالىدۇ. شائىر يېتس ياڭراق ئاۋازى بىلەن تاگورنىڭ شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىدۇ، كۆپچىلىك پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاپ، ئاجايىپ شېئىرىي ھېسسىياتقا غەرق بولىدۇ. دېكلاماتسىيە ئاياغلاشقاندىن كېيىن مېھمانخانا تىمتاسلىققا چۆكىدۇ، مېھمانلار ھېچقايسىسى بىر ئېغىز پىكىر بايان قىلماي ئاستا - ئاستا تاراپ كېتىدۇ. تاگور بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىنتايىن مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. خىجىللىقتىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىدۇ ھەمدە شېئىرلارنىڭ تەرجىمىسىنى ئوتتۇرىغا چىقارمىسام بوپتىكەن، دەپ بىر ئاز پۇشايمان قىلىدۇ.

ئەتىسى كەچتە، تاگور نۇرغۇن خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالىدۇ، تۈنۈگۈنكى يىغىلىشقا كەلگەن ھەر بىر كىشى ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلغانىدى. تاگور قىزغىنلىق قايناپ تېشىپ تۇرغان بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ ئىنتايىن ھاياجانلىنىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ يات بىر ئەلدە مۇنچە كۆپ سىرداشلارغا ئۇچرىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. روسېنستەيىن ۋە يېتسلار تاگورنىڭ مۇنداق خۇشال بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىمۇ ھاياجاندىن ئىختىيارسىز ياش تۆكىدۇ.

«بۇ، كىشىنى نېمدېگەن ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش - ھە! بۇ ھەقىقەتەن كۈتۈلمىگەن ئىش بولدى، مەن مۇنداق بولىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغان» دەيدۇ تاگور.

«بۇ بىزنىڭ پەرىزىمىزدىكى ئىش» دەيدۇ يېتس.

«ھىندىستان ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بۇ شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلىشنى تەۋسىيە قىلالايلى» دەپ تەكلىپ بېرىدۇ روسېنستەيىن.

«بولىدۇ، سىز ھىندىستان ئىلمىي جەمئىيىتىگە بۇ شېئىرلار توپلىمىنى تونۇشتۇرۇپ، نەشرىيات سودىگەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىڭ، مەن شېئىرلار توپلىمىغا كىرىش سۆز يازاي» يېتس شۇنداق دېگەندىن كېيىن تاگورنىڭ پىكرىنى سوراپ: «سىزنىڭچە شۇنداق قىلساق بولامدۇ!» دەپ سورايدۇ.

«بەك ياخشى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ تاگور.

تاگور روسېنستەيىننىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن بىر ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بېرناردشاۋ، گالسۋورت، روسېل، ستارمىيول، خارسىن قاتارلىق نۇرغۇن داڭلىق يازغۇچىلار ۋە ئەدىبلەر بىلەن كۆرۈشىدۇ. بەزىدە ئۇ روسېنستەيىننىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىشقا قاتنىشىدۇ. ئۇ بۇ دوستلار بىلەن ئۇچرىشىپ نۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەدىيەسى ۋە قاراشلىرىنى چۈشىنىدۇ. تاگور ئەنگلىيەدە تۆت ئاي تۇرۇپ، كۈتۈلمىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ.

روسېنستەيىن ۋە يېتسلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن تاگورنىڭ «گىتانگالى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنىڭ ئېنگلىزچە نۇسخىسى 1912-يىلى 11-ئايدا لوندوندا ھىندىستان ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندۇ. بۇ ئىش ئەنگلىيەدە زور داغدۇغا قوزغايدۇ، نۇرغۇن گېزىت-ژۇرناللار ئوبزور ئېلان قىلىپ، بۇ شېئىرلار توپلىمىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىدۇ. بۇ مۇۋەپپەقىيەت تاگورغا ناھايىتى زور ئىلھام بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئېنگلىزچە سەۋىيىسى، ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا زور ئىشەنچ تۇرغۇزىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت خۇشاللىقى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىلگىرىكى خاپىلىق، ئىچ پۇشۇقىنى بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ-دە، ئىجادىيەت ئىلھامى قايناپ تاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاگور شېئىرلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن تەرجىمە قىلىپ چىقىدۇ، «باغۋەن»، «باللار»، «ھىلال ئاي» قاتارلىقلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى نەشر قىلىنىدۇ.

بۇ قېتىملىق ئەنگلىيە سەپىرى تاگور ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە بىر ئىش بولىدۇ، ئۇ بۇ يەردە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ياخشى ئارام ئېلىپلا قالماي، بەلكى بۇ سەپەر ئۇنى دۇنياغا يۈزلەندۈرىدۇ، ئۇنىڭ ھايات يولىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئۇ بۇ ئېنگلىزچە ئەسەرلىرى بىلەن باھالىغۇچىلارنىڭ ماختىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، 1913-يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ.

«كارنىگ»نىڭ باھاسى:

ئەگەر سەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن بېرىلىۋاتقان ئىشتا تېخى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن بولساڭ ئۇنىڭدىن ھەرگىز ۋاز كەچمە. ئوڭۇشسىزلىقنى ئېتىراپ قىلىپ، باشقا ئۇسۇللار ئۈستىدە ئىزدەن. ساداق ھەرگىز بىرلا بولمايدۇ، پەقەت سېنىڭ ئىقتىدارىڭلا يەنە بىر ساداقنى بايقىيالايدۇ. بەزىدە سىرتلارغا چىقىپ ئايلانساڭ ياكى باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرساڭمۇ سېنىڭ ئىشلىرىڭغا كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەگەر سېنى بىئارام قىلىدىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلسەڭ، تۆۋەندىكى ئۈچ كۆرسەتمە بويىچە ئىشلىسەڭ چوقۇم مۈشكۈللەرنى ھەل قىلالايدىغان ئۇسۇللارنى تاپالايسەن:

(1) ئۆزۈڭدىن: يۈز بېرىش ئېھتىمالى ئەڭ يامان ئەھۋال نېمە؟ — دەپ سوراپ باق.

(2) ئەگەر زادىلا ئامال بولمىسا، ئەڭ يامان ئەھۋالنى ئېتىراپ قىلىشقا تەييارلان.

(3) ئۆزۈڭنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆزگەرتىش يولى ئۈستىدە ئىزدەن.

قادىر راخمان تەرجىمىسى

## ھەممىدە قىزىقارلىق بولۇشنى كۆزلىگەن فېيمان

سىزنىڭ نەزەرىڭىزدىكى ئالىم قانداق ئادەم؟ بەلكىم نۇرغۇن كىشىلەر ئالىملارنى سۈرلۈك، ئېچىلىپ-يېيىلىپ يۈرمەيدىغان، كۈنبويى ئىلمىي تەتقىقاتتىن باش كۆتۈرمەيدىغان ئادەملەر دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن. ئەمما رىچارد فېيمان زېمىن قۇۋۋىتى تولۇپ تاشقان، كۆپ ئىقتىدارلىق كىشى، تونۇشلارنىڭ نەزەرىدە ئۇ بىر ئويۇنچى، كەپسىز ئالىم بالا ئىدى.

رىچارد فېيمان نەزەرىيە فىزىكىسى ساھەسىدە يۇكسەك ئابرويغا ئىگە بولۇپ، مەشھۇر «مانخاتتان پىلانى»غا قاتناشقان ھەم كۋانت ئېلېكترو مېخانىكا ئىلمىدىكى يېڭى نەزەرىيەسى بىلەن نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئەمما، بۇ ئامېرىكا كالىفورنىيە تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى پروفېسسورىنى خۇشال قىلىدىغىنى بۇلار ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ خالىغىنى بويىچە قىلغان قىلىقسىزلىقلار ۋە بالىلارچە ئەقىل-پاراسەت بىلەن تولغان قىزىقارلىق ئويۇنلار ئىدى.

فېيمان 11 ياشقا كىرگەندە ئۆزىنىڭ «تەجرىبىخانا»سىنى قۇرۇۋالدى. ئەمما، ئۇ پەقەت يەر ئاستى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇلغان، ئىچىگە توساق تاختاي سەپلەنگەن بىر كونا ياغاچ ساندۇق، بىر توك بىلەن قىزىتقۇچ، بىر ئاككۇمۇلياتور ۋە ئۆزى ياسىۋالغان بىر پاترون ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئاددىي ئۈسكۈنىلەر بىلەن توك يولىنى يانداش ئۇلاش ۋە ئارقىمۇ ئارقا ئۇلاشنى ۋە ھەر بىر لامپۇچكىغا ئوخشىمىغان توك بېسىمىنى تەقسىملەشنى ئۆگىنىۋالدى. ئۇ بىر قاتار لامپۇچكىلارنى بىر-بىرلەپ ياندۇرغان چاغدا، «ھەقىقەتەن ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل بولغانىدى». ئۇ بۇ «تەجرىبىخانا»سىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھەمىشە ئەتراپىدىكى بالىلارغا سېھىرگەرلىك ئويۇنى، يەنى خىمىيەنىڭ پە-

رىنسىپلىرىدىن پايدىلىنىپ قىلىنىدىغان بەزى سېھرگەرلىكلەرنى، مەسىلەن: ئىسپىرتنى سۇغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئۇ يەنە دوستلىرى بىلەن بىللە بىر ئويۇن ئىجاد قىلغانىدى. ئۇ ئۈستەلگە بىر گاز لامپىسىنى قويۇپ، باشقىلارغا تۇيدۇرماي قولىنى سۇغا چىلايتتى. ئاندىن قولىنى بېزولغا چىلايتتى، ئارقىدىن يەنە ئېھتىياتسىزلىق قىلغان بولۇپ، قولىنى گاز لامپىسىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكۈزەتتى، شۇئان ئۇنىڭ قولىغا ئوت تۇتىشاتتى. ئۇ دەرھال يەنە بىر قولى بىلەن ئوت كەتكەن قولىدىكى ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولاتتى- دە، بۇ قولىغىمۇ ئوت تۇتۇشاتتى (ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قولى كۆيۈپ كەتمەيتتى، چۈنكى بېنزول ناھايىتى تېزلا كۆيۈپ تۈگەيتتى، قول ئاۋۋال سۇغا چىلانغان بولغاچقا ئوت قولىنى كۆيدۈرەلمەيتتى). فېيمان ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ «ئوت كەتتى، ئوت كەتتى» دەپ يۈگۈرەيتتى، بۇنىڭ بىلەن بالىلار ھەممىسى ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ جىددىيلىشىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئويۇنىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشاتتى. ئۇنىڭ «تەجرىبخانا»سى «بالىلار باغچىسى»غا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ «تەجرىبە»سىمۇ پەقەت ئويۇن ئىدى.

ھازىرقى زامان ئىلىم- پەننىڭ ئەڭ ئاساسىي روھى بولغان تەجرىبە قىلىش روھى مانا مۇشۇنداق كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئويۇندا تولۇق تەرەققىي قىلدى، مۇشۇنداق كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كىچىك ئويۇنلار فېيماننىڭ ھېچقانداق بىر ئېنىق نىشانى بولمىغان «ھەممە قىزىقارلىق بولۇش ئۈچۈن» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى يېتىلدۈردى، كىم بۇ ئويۇنلار ۋە قىزىقارلىق ئىشلار نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى فېيماننىڭ كۈچلۈك قىزىقىشى ۋە ئۆتكۈر كۆزىتىش كۈچىنى پەيدا قىلغان بۆشۈك ئەمەس، دېيەلەيدۇ.

بىر قېتىم فېيمان بىر ژۇرنالدا ساقچى ئىتى توغرىسىدىكى بىر ماقالىنى كۆرۈپ قالدى: ئۇنىڭدا ساقچى ئىتنىڭ پۇراش سېزىمىنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈرلۈكى ئېيتىلغانىدى. ئۇ: ساقچى ئىتى ھەقىقەتەن قالتىسكەن، ئادەملەرنىڭ پۇراش سېزىمى قانچىلىك ئۆتكۈردۇ؟ دەپ ئويلايدۇ. فېيماننىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ بۇنى يالغۇز ئويلاش بىلەنلا قالماي، يەنە خۇددى يەردە ئىتقا ئوخشاش ئۆمىلەپ يۈرۈپ سىناپ كۆردى. ئۇ تەجرىبە ئارقىلىق: ئۇۋ ئىتىنىڭ پۇراش سېزىمى ھەقىقەتەن ئىنسانلاردىن كۈچلۈك، لېكىن ئىنسانلارمۇ ھەرگىز ئۆزلىرى ئويلىغاندەك ئۇنداق ئىقتىدارسىز ئەمەس، دېگەننى بىلىۋالدى. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردىكى مەسىلە ئادەم بۇرنىنىڭ يەر يۈزىدىن كۆپ ئېگىزلىكتە ئىدى. بۇ قاراش كېيىن پروفېسسور فېيماننىڭ مۇھىم قارىشى بولۇپ قالدى. ئۇلار مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلىدى: فېيمان ئاۋۋال كىتابخانىدىن چىقىپ كەتتى، ئۆيدىن كىشىلەر ھەممىسى كىتاب ئىشكابىدىن بىردىن كىتابنى ئېلىپ ھەممىنى بىر يەرگە قويدى، فېيمان خانىغا كىرىپ قايسى كىتابنى كىمنىڭ ئېلىپ بۇ يەرگە قويغانلىقىنى توپ- توغرا ئېيتىپ بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە قېتىم سىناپ كۆرۈپمۇ زادىلا خاتالىق كۆرۈلمىدى. باشقىلار ئۇنى سېھرگەرلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارىدى، ئۇ ھەرقانچە چۈشەندۈرسىمۇ ئىشەنمىدى. فېيمان: ئادەملەرنىڭ قولىنىڭ پۇرىقى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ، پەرق ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، دېگەنىدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى، فېيمان پىرىنستون تەتقىقات ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاشخانىسىدا ئولتۇراتتى. ياندىكى ئۈستەلدە بىرەيلەن تەخسىنى ھاۋاغا پىرقىرىتىپ ئېتىپ ئويناۋاتاتتى، تەخسە پىرقىراپ يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقاندا تەخسە گىرۋىكىدىكى قىزىل رەڭلىك مەكتەپ گېربىمۇ پىرقىراۋاتاتتى. بىر چەتتە بىكار ئولتۇرغان فېيمان پىرقىرىۋاتقان تەخسىنىڭ ھەرىكىتىدىكى ئاجايىپ بىر ئىشنى بايقىدى: پىرقىراۋاتقان تەخسىنىڭ بۇلۇڭ گىرادۇسى ناھايىتى كىچىك بولسا، تەخسىدىكى مەكتەپ گېربىنىڭ پىرقىراش تېزلىكى تەخسە تېزلىكىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ بولىدىكەن.

ئۇ ئاجايىپ خۇشاللىق بىلەن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ بۇ بايقىشىنى خىزمەتداشلىرىغا ئېيتىپ بەردى. ئەمما، خىزمەتداشلىرىنىڭ ئىنكاسى بەكلا سوغۇق بولدى. ئۇلار: ھەقىقەتەن قىزىق ئىش ئىكەن، ئەمما، ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار، ئۇنى تەتقىق قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ دېيىشتى.

فېيمان بىردەم تۇرۇپ قېلىپ جاۋاب بەردى:

ھېچنېمە ئۈچۈن ئەمەس، قىزىقىپ شۇنداق قىلدىم، دېدى.

فېيمان تەخسىنىڭ پىرقىراش ھەرىكىتىنى داۋاملىق ھېسابلاپ تەتقىق قىلدى ھەمدە داۋاملىق ئېلېكترون ئوربىتانىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيەسى ھالىتىدىكى ھەرىكىتى، ئارقىدىن يەنە كۇۋانت ئېلېكترو مېخانىكىسى ئۈستىدە ئىزدەندى. فېيمان كېيىن ئۆزىنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشىدىكى سەۋەبىنى خۇلاسىلەپ، ئۆزىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ھېلىقى كۈنى ئاشخانىدا ھاۋادا پىرقىراۋاتقان تەخسىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشتىن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

فېيماننىڭ «قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ» دېگەن جاۋا-

بى بارلىق ئالىملارنىڭ ئىلىم - پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش مەقسىتىگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئەمما ئۇ جۇڭگودىكى بىر قەدىمىي ھېكمەتنى يەنى «ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەكرارلاش خۇشاللىق ئىش ئەمەسمۇ» دېگەننى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇ بىزگە تۇرمۇشتىكى بارلىق نەرسىلەرنى خۇشاللىق، دەپ بىلگەن ھەممە ئۇنىڭدىكى مەنىلىك تەرەپلەردىن ھۇزۇرلانغان، «كېلىدىغان نەپ بىلەن ھېسابلاشماي، جان پىدالىق بىلەن تىرىشىش» پوزىتسىيەسى بولغاندىلا بۇ دۇنياغا بولغان يۈكسەك سەزگۈرلۈك كۆڭۈل بۆلۈش ۋە قىزىقىشنى ساقلاپ قالغىلى، ئىلىم - پەن ۋە باشقا ساھەلەردە تۆھپە ياراتقىلى بولىدۇ.

«كارنىگ»نىڭ باھاسى:

ئەڭ قەيسەر ئادەم زادى قانداق ئادەم؟ ئۇ خىزمەتنى كۆڭۈل ئېچىش دەپ قارايدىغان ئادەمدۇر، ئۇنداق ئادەم تەڭداشسىزدۇر.

ئەگەر سىز خىزمەت، ئەمگەك ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر تامچىلىرىدىن خۇشاللىق تاپالىسىڭىز، ھەر ۋاقىت ئۆگىنىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالمايسىز، ھەر ۋاقىت ئىجاد قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيسىز، ھەر ۋاقىت ئۆسۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايسىز، كۈنبويى خۇشال، غەمسىز يۈرىدىغان، ئەمما، ئىنتايىن «كۈچلۈك» ئادەمگە ئايلىنالايسىز. خىزمەت سىز ئۈچۈن بىر ئويۇنغا ئايلىنىدۇ، ئۇ چاغدا سىز ھېرىش-چارچاش ۋە زېرىكىش دېگەننى بىلمەيسىز، ھەمىشە «كۆڭۈل ئېچىپ» يۈرەلەيسىز.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا دۇنياغا بالىلارچە سەبىي نەزەر بىلەن قاراش كېرەك، ھەر بىر ئىشقا ئۇنچىۋالا جىددىي قاراپ كەتمەسلىك كېرەك، ھەددىدىن زىيادە قورۇنۇپ يۈرمەسلىك، خۇددى بالىلار ئويۇنى ئوينىغاندەك ئۇزىنىڭ قىزىقىشى ۋە بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى جارى قىلدۇرۇش ھەم ئۇنىڭدىن خۇشاللىق تېپىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئىشلار كۆپ ئاسانلىشىپ كېتىدۇ.

قادىر راخمان تەرجىمىسى

# بىغەملىك ئىچىدە ياشىغان سارتىرى

1939 - يىلى 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاچقا سارتىرى چاقىرىق بويىچە ئارمىيەگە قاتناشتى. ئۇ مەجبۇرىي سەپەرۋەر قىلىنىپ، ئارمىيەگە قاتناشتۇرۇلدى، پويىز ئۇنى ئىلگىرىكى جايىدىن، تۇغقانلىرى، دوستلىرىنىڭ يېنىدىن ئۇ بېرىشنى خالىمىغان يەرگە ئايرىپ تاشلىدى. ھەربىي لاگېردا ئۇ باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ، ئەمدى ئۇ ئۆزىگە تەۋە بولماي قالدى. ئۇ گېتلېرنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ ئارمىيەسىنىڭ فرانسىيەدىكى تەھدىتى سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىردىنلا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىشىنى، ئۆز تەقدىرىنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى.

بۇ مەزگىلدە سارتىرىنىڭ تەپەككۇر قىلىشى تېخىمۇ جىددىي ھالەتكە كىردى. ئۇنىڭ باشقا ئالاقە پائالىيەتلىرى يوق، يېنىدا پەقەت بىر - ئىككىلا سەپدىشى بولغاچقا، ئۇ ئۆزى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىش، ئۆزىنىڭ روھنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى، شۇنداقلا يەنە ھېكايە يېزىشقا ۋە پەلسەپە ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدى.

1940 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، سارتىرى تۇرۇشلۇق قىسمىغا باشقا بىر چېگراغا يۆتكىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشتى. بۇ چاغدا دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ياكى ئايلىنىپ باشقا يەرگە بېرىش توغرىسىدا ئېنىق بۇيرۇق چۈشمىگەچكە قىسىمدا پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىشكە باشلىدى، كوماندىرلار ئىككىلىنىشكە باشلىدى. نېمىسلارنىڭ زەمبىرەكلىرى يېقىنلا يەردىكى بىر كەنتنى توپقا تۇتۇپ تۈپتۈز قىلىۋەتتى. سارتىرىنىڭ قىسمىدىكىلەر ئېگىز جايدا بۇنى ئېنىق كۆرۈپ تۇردى. دېمەك، دۈشمەنلەر ئەتىسلا بۇ يەرگە ھۇجۇم قىلىپ كېلەتتى.

مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، قىسىمنىڭ ئوفىتسېرى پۈتۈن قىسىمنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى (نەتىجىدە ئۇ ئورمانلىققا قېچىپ بارغاندا نېمىسلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى). ئەمما سارتىرى ۋە باشقا ئەسكەرلەر ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز كېچىچە بىغەم ھالدا ئۇخلاۋەردى.

تاڭ ئەمدىلا يورۇشقا سارتىرى جىددىي توپ - زەمبىرەك ئاۋازى ۋە قىيا - چىيالاردىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ شۇئان: نېمىسلار ھۇجۇم قىلىپ كەپتۇ! دەپ ئويلىدى، ئەسكەرلەر كىيىملىرىنى كىيىپ سىرتقا چىقتى. سارتىرى شۇ چاغدا خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ۋە كىنو كۆرۈۋاتقاندەك بىر تۇيغۇدا بولۇۋاتاتتى. ئۇ خۇددى ئۆزىنى بىر تاماشىبىندەك،

ئۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ تىياتىردا بىر ئەسىرنىڭ رولىنى ئېلىۋاتقاندەك سەزدى. بۇلار ھەممىسى راست، راستلىقىدىن مەۋھۇملۇق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى.

شۇ پەيتتە سارتىرى زادىلا قورقمىدى، پەقەت نېمىلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان غەيرىي بىر ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. نېمىسلار ئۇلارنى ۋارقىراپ مىلتىقلار بىلەن ئىتتىرىپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ توپ-توپ ھالدا ئېلىپ كېتىلىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر، ھەرىكەتلەر ئىدى. ئەمما، ئۇ ئۇلارنى ئۆزىدىن ناھايىتى يىراقتىكى ئىشتەك سېزىۋاتاتتى. ئۇلار نەزەربەند ئاستىدا بىر مەيدانغا توپلاندى. قاتتىق گۈمبۈرلىگەن زەمبىرەك ئاۋازى بىلەن سارتىرى يېقىنلا يەردىكى بىر چېركاۋنىڭ ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئوت كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ بۇ يەردىكىلەرنىڭ تېخى تۈنۈگۈنلا يېتىپ كەلگەن قىسىم ئىكەنلىكىنى، ئۇلار نېمىسلارغا تەسلىم بولۇشنى خالىماي، قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، پۈتۈنلەي يوقىتىلغانلىقىنى چۈشەندى.

بۇ چاغدا سارتىرىنىڭ قەلبىدە بىردىنلا قاتتىق خورلۇق تۇيغۇسى پەيدا بولدى. چۈنكى، ئۇ قارشىلىق كۆرسەتمەي ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانىدى. گەرچە بۇ چاغدا ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىش ئىمكانىيىتى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىپ پۈتۈنلەي ھالاك بولغان قېرىنداشلىرى ئالدىدا قاتتىق نومۇس قىلدى، بۇ 6-ئاينىڭ 21-كۈنى، دەل ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ سارتىرىنىڭ ھاياتى ئىككىگە بۆلۈندى. ئۇ ئەمدى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى تۇرمۇشقا قايتالمايتتى. ئىلگىرى سارتىرى ئۇرۇشتا ئۆلگەن، يېڭى سارتىرى ئۆز ئوبرازىنى قايتىدىن تىكلەۋاتاتتى.

ئەسىرلەر ئۇرۇش ئەسىرلىرى لاگېرىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۇلار لاگېردا پول ئۈستىدە يېتىشقا مەجبۇر ئىدى. بىر ئۆيدە ئون نەچچە ئادەم ياتاتتى، بىرەر ئۈستەل ياكى ئورۇندۇق ۋە باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى، ھەتتا ئۇلار يەيدىغان يېمەكلىكمۇ يوق ئىدى، چۈنكى، نېمىسلار بىر مەھەل بۇ يەردە ئەسىرلەر بارلىقىنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىدى. ئەسىرلەر بىر قانچە كۈنلەرگىچە ھېچنېمە يېمىگەچكە، بەدىنى ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن، ھەتتا ئېلىشىپ قېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ ئىشقا مەسئۇل نېمىس بىردىنلا بۇ ئەسىرلەرنى ئېسىگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن ئەسىرلەر يېمەكلىككە ئېرىشىپ ئاخىرى ھايات قالدى. جاپا-مۇشەققەتتە ياشاۋاتقان بۇ ئەسىرلەر ئىچىدە بىر ئادەم كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا باشتىن-ئاخىر خاتىرجەملىك، بىغەملىك بىلەن بەرداشلىق بەردى، بۇ ئادەم دەل سارتىرى ئىدى. ئۇ بىر ئايغىچە يۇيۇنمىدى ۋە ساقىلىنى ئالمىدى. ئۈست-بېشىنى پىت بېسىپ كەتتى، ئەمما ئۇ باشتىن-ئاخىر خۇددى ئۆزىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئولتۇرۇۋاتقاندەك خاتىرجەم بىغەم يۈرۈۋەردى.

ئەسىرگە چۈشۈپ بىر ئايدىن كېيىنلا سارتىرى مۇشۇنداق يامان شارائىتتىمۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىقىنى قىلىۋەردى. ئۇ پولدا يېتىپ ئۆزىنىڭ رومانى ۋە پەلسەپىۋى ئەسىرىنى يازدى، ھەر كۈنى نەچچە بەت يازدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ مارتىن ھەيدىگىرنىڭ «مەۋجۇتلۇق ۋە ۋاقىت» ناملىق كىتابىنى ئوقۇپ، «بارئونا» ناملىق دىرامىنى يازدى ۋە ئۇنى سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. ئاخىرى ئۇ كۆز كېسەللىكى سەۋەبىدىن جەڭگە قاتنىشالمايدۇ، دېگەن سەۋەب بىلەن نېمىس ئوفىتسېرلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ئەسكەر ئەمەسلىكىگە ئىشەندۇرۇپ، ئەسىرلەر لاگېرىدىن قېچىپ چىقتى. ئۇ ئەسىرلەر لاگېرىدىكى ئاشۇ كەچۈرمىشلىرى ۋە ئۇ يەردىكى بىغەملىكى بىلەن ئۆزىنىڭ پەلسەپە قارىشى ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدەندى ۋە ئۇنى تولۇقلىدى. 1943-يىلى، ئۇ ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئەسىرى «مەۋجۇتلۇق ۋە مەۋھۇملۇق»نى يېزىپ پۈتتۈردى ۋە نەشر قىلدۇردى. بۇ كىتاب ئۇرۇشتىن كېيىن كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ مەۋجۇدىيەتچىلىكنى 50-يىللاردىكى ئەڭ تەسىرگە ئىگە پىكىر ئېقىمىغا ئايلاندۇردى. شۇڭا بۇ ئەسەرنى فىرانسىيە مەۋجۇدىيەتچىلىك ھەرىكىتىگە ئاساس سالغان ئەسەر دەپ قارىغان.

سارتىرى ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىر سۆزىنى، يەنىلا بىر ئادەم ھاياتى تەھدىتكە ئۇچرىغان چاغدىمۇ خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشىيالايدۇ، دېگەننى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

«كارنىگ»نىڭ باھاسى:

**ئەگەر سىز ھەرقانداق بىر مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان تەقدىردىمۇ خاتىرجەم روھىي ھالىتىڭىزنى ساقلىيالىسىڭىز، ئوتتەك قىزىپ كەتكەن ھاۋامۇ ئاستا-ئاستا سوۋۇيدۇ، مۇنداق قىلغاندا، كۈچ-قۇۋۋەت تېجەلىپلا قالماستىن، يەنە ھېرىپ-چارچاشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن سىز بىلىملىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ئادەم بولالايسىز.**

تۆۋەندىكى تۆت ماھارەتنى مەن ئۆز تەجرىبىلىرىمدىن ھاسىل قىلغان. مەن ھەر قېتىم بەك ھاياجانلىنىپ زادىلا تىنچلىنالمىغان ۋاقتىمدا، دائىم بۇ تۆت ماھارەتنى ئىشلەتكەن ۋە ئاجايىپ ئۈنۈملەرگە ئېرىشكەن:

(1) ئۆزىڭىزنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، ئارقىغا يۆلىنىپ، غولىڭىزنى تىك تۇتۇپ جىمجىت ئولتۇرۇڭ.

(2) ئۆزىڭىزنىڭ روھىنى جىمجىت سۇ دەپ پەرەز قىلىڭ.

(3) ئىلگىرى ھوزۇرلانغان گۈزەل مەنزىرىلەرنى ئەسلەڭ.

(4) ھېسسىياتلىق تەلەپپۇز بىلەن ياخشى سۆزلەرنى قىلىڭ.

قادىر راخمان تەرجىمىسى

# ھاراقخۇمار يازغۇچى فولكنېر

ئەدىبلەر ئىچىدە غەلىتە مىجەزلىكلەر كۆپ دېگەن بۇ سۆز يالغان ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ھەر خىل تۇرمۇش ھالەتلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەندىلا ئىلھامى قوزغىلىپ، قەلەمگە جان كىرىدۇ، ئىنسانلاردىكى ھەممە ھېسسىياتنى ھېس قىلغاندىلا ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى ۋە غەزەپ- نەپرىتىنى تولۇق ئىپادە قىلالايدۇ. ئېلىمىزنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى بۈيۈك شائىرى لى بەي ھاراققا بەك ئامراق ئىدى، ھاراق ئىچىۋالغاندىن كېيىن چوقۇم ئاجايىپ ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقاتتى. ئۇنىڭ ئاجايىپ رومانتىك، ئەركىن ئۇسلۇبى ئېھتىمال ھاراق كەيپىدىن ئايرىلالمىسا كېرەك. قىزىقى بولمىسا كىتاب بولمايدۇ، ئامېرىكىدا 20- ئەسىردە بىر بۈيۈك يازغۇچى چىقتى، بۇ بۈيۈك ئەدىبنىڭ لى بەي بىلەن ئوخشاش خۇمارى بار، يەنى ئىجادىيەتتە ھاراقتىن ئايرىلالمايتتى، ھاراقنى جېنىدەك كۆرەتتى، بۇ ۋىلىيام فولكنېر. فولكنېرنى بىلىدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ھاراقكەش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، ئەمما، بۇ ئەيىبى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە زادىلا تەسىر يەتكۈزمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ خۇشال بولغان ياكى روھى چۈشۈپ كەتكەن چاغلىرىدا ھاراق بىلەن جىددىي كەيپىياتنى يېنىكلەتكەن، غەم- غۇسسە، ئىچ پۇشۇقىدىن قۇتۇلغان، ئىلھامغا ئېرىشكەن. ھاراق سورۇنلىرىدا دوستلىرى بىلەن كەڭ- كۇشادە پاراڭلىشىپ مەسلىھەتلەشكەن.

تام كەيل فولكنېرنىڭ ياخشى دوستلىرىدىن بىرى ئىدى. 1927- يىلى يازدا، فولكنېر پاسكاگولاغا كەلگەن، تامنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇ دائىم تامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاماق يېگەن ھەمدە ھەمىشە دېڭىز بويىغا بېرىپ ئۈزۈۋاتقان- ئۈزۈۋاتقان يالغۇز ئولتۇرغان ياكى يالاڭ ئاياغ ھالدا سەيلە قىلغان. پاسكاگولالىقلار ئۇنى «سەرگەردان ئىكەن» دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ چاغدا فولكنېرنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، تام ئۇنىڭ قىسلىپ قالغانلىقىنى، ھاراق ئىچىشكە پۇلى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان، سۇرۇشتۇرۇش ئارقىلىق فولكنېرنىڭ قىماردا قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن. تام ئۇنىڭغا: «بۇنىڭدىن كېيىن ھاراققا پۇل يوقلۇقىدىن غەم قىلماڭ، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇڭ» دېگەن.

فولكنېر دوستىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرغان، 2- كۈنى، ئۇ ئازراق ۋىسكى ئىچەيتتىم دېگەن.

تام: نەدە ۋىسكى بار؟ دېگەن.

فولكنېر: مەن بىلمەيمەن، دەپ تام بەرگەن بەش دوللارنى ئېلىپ، ئىككى بوتۇلكا ۋىسكى ئېلىپ كەلگەن.

تام فولكنېرنىڭ ھاراق ئىچىشىنىڭ پۈتۈنلەي ھاراق خۇمارىدىنلا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان، چۈنكى، فولكنېر يېزىقچىلىق قىلغاندا ھاراق ئىچەتتى، ھاراق بولمىسا يازالمايتتى. تام: ئېھتىمال ئۇ ھاراق بىلەن ئىلھامىنى قوزغىسا كېرەك دەپ ئويلىغان. بەزىدە تام ئۇنىڭغا ماسلىشىپ بېرىش ئۈچۈن بىللە ھاراق ئىچىشىپ بەرگەن. ئۇ فولكنېرنىڭ ئاجايىپ ھاراق كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنى سەزگەن. بىر قېتىم تام فولكنېرغا: كۆپ ئىچىۋەتتۇق، ئەمدى توختىتايلى دېگەن. ئەمما فولكنېر: تام، بايىقى پاراڭلىرىمىزنى يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بېرەمسىز دېگەن ھەمدە ئازراق يېرىمىنى قالدۇرماي ھەممىنى يىپىدىن- يىڭنىسىگىچە قايتا سۆزلەپ بەرگەن. فولكنېر: تام، مېنىڭ بەزىدە غەلىتە بولۇپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى بېشىمدا ئوق پارچىسى بار، شۇڭا ھاراق ئىچىمەن، دېگەن. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا ئىككىسى بىر- بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتكەن.

1937- يىلى، فولكنېر 40 ياشقا كىرىپ قالغانىدى، ئەمما، ئۇ يەنىلا ھاراقخۇمارلىقىنى ئۆزگەرتەلمىدى. 10- ئايدا، ئۇ نىيۇروكتىكى لاندىلىڭ كۇتۇپخانىسىغا كەلدى. بۇ يازغۇچىلار ياخشى كۆرىدىغان جاي، ئەدىبلەر، قەلەمكەشلەر

ھەمىشە بۇ يەرگە يىغىلاتتى. ئىستىقباللىق ياش ئەدىبلەر بۇ يەردە ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىشنى، شۇنىڭ بىلەن پىشقەدەملەرنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلاتتى. فولكنېر بۇ قېتىم بۇ يەردە بەستلىك كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ ستېفېن لانىستېرى ئىدى. بۇ كىشى پارىژدا رەسىم سىزىشنى ئۆگەنگەن، ھېمىڭۋاي ۋە ياۋروپادا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئامېرىكا سەنئەتكارلىرى بىلەن ئۇچراشقانىدى. ھازىر «نيۇيوركلۇقلار» ژۇرنىلىغا قىستۇرما رەسىم سىزىپ بېرىۋاتاتتى. ستېفېن بىر ئىشخانىدا ۋىجىك بىر ئادەمنىڭ ماشىنكىدا خەت ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى، بۇ كىشىنىڭ ئاغزىدا غاڭزا بولۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. ستېفېن باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ فولكنېر ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. ستېفېن مۇمكىنقەدەر مۇۋاپىق بولغان سۆزلەر بىلەن يېڭىدىن تونۇشقان فولكنېر بىلەن پاراڭلاشتى، بىراق، فولكنېر ئۇنى ھاراق ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى.

3 - چوڭ كوچىدىكى بىر ئىربىلاندىيە قاۋاقخانىسىدا ستېفېن بۇ يېڭى دوستىنىڭ ناھايىتى ھاراق كۆتۈرىدىغانلىقى، ناھايىتى ئاز سۆزلەيدىغانلىقى، ئۆز ئەسەرلىرى ئۈستىدىمۇ ھېچنېمە دېمىگەنلىكى، پەقەت ھەدەپ ھاراق ئىچىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى. كېيىن ئۇلار يەنە باشقا دوستلار بىلەن بىللە بۇ قاۋاقخانىغا بىر قانچە قېتىم باردى. بىر قېتىم فولكنېر ئۆزلۈكىدىن بۇ دوستلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىگە پىكىر بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ستېفېن فولكنېرغا ئۆزىنىڭمۇ كىتاب يېزىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، فولكنېر: ئەمەلىيەتتە يېزىقچىلىق ھېچقانچە چوڭ بىر ئىشمۇ ئەمەس، دەيدىغان گېپىڭ بولسا يازساڭلا بولۇۋېرىدۇ. ئەگەر قورسىقىڭدا يازماقچى بولغان نەرسە بولسا، ئۇنى يېزىشقا ھېچقانداق ماھارەت كەتمەيدۇ. ئەگەر قورساقتا بىر نېمە بولمىسا ھېچقانداق بىر نېمە يېزىپ چىققىلى بولمايدۇ، بۇ ناھايىتى تەبىئىي بىر ئىش، ھېچنېمە يېزىپ چىققىلى بولمايدۇ. پېرسوناژ، ئورۇن، ۋەقەلىك تەبىئىيلا كاللىدا پەيدا بولىدۇ، سەن خۇددى قوناق سوقىدىغان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ ئاغزىغا باش قوناقلارنى سېلىپ بەرگەندەك يازساڭلا بولىدۇ، — دېدى.

11 - ئاي كىرگەن بولسىمۇ فولكنېر ئۆيىگە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ ئايالى ئېستېر ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا تېلېفون بەردى ۋە ئۇنىڭ نيۇيوركتىكى دوستلىرىغا خەت يازدى، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىلگىرىكى كېلىشكەن بويىچە، فولكنېر مەلۇم بىر كۈنى زىيارەتنى قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما، مۇھىم ۋاقىتتا ئۆزىنى كۆرسەتمىدى. بۇ چاغدا ھەممەيلەن بىر ئىش چىققانلىقىنى بىلدى. ئۇلارنىڭ بىر دوستى فولكنېرنىڭ بۇ بىر قانچە كۈندىن بۇيان ناھايىتى كۆپ ھاراق ئىچىۋاتقانلىقىنى، سىرتتا كۆرۈنمەيۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ فولكنېر تۇرۇۋاتقان جايغا بارغاندا، فولكنېر پولدا ھوشسىز ھالەتتە دۈم ياتاتتى.

11 - ئايدىكى مۇشۇنداق سوغۇق كۈندە ئۇنىڭ ئۈستىدە پەقەت بىر كۆينەكلا بار، بېلىدىكى بۆرەككە يېقىن جايدا ئالقان چوڭلۇقىدا كۆيۈك ئىزى بار ئىدى. كېيىن دوستى ئۇنىڭ بېلىنى مۇنچىدا كۆيدۈرۈۋالغانلىقىنى بىلدى. دوستى فولكنېرنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ دوختۇر چاقىردى. فولكنېر ھوشىغا كەلگەندە دوختۇر ئالدىدا ياتقان بۇ مەشھۇر شەخستىن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدىغىنىڭىز دەپ سورىغاندا، فولكنېر ماغدۇرسىز ھالدا: ئۆزۈم خالاپ شۇنداق قىلدىم، دېدى.

مانا بۇ فولكنېر، ئۆمۈر بويى ھاراقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ كەلگەن فولكنېر. ھەتتا نوبېل مۇكاپاتىنى تارقىتىش مۇراسىمىدىمۇ ئۇ ئازراق ۋىسكى ئىچىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغان. ئەگەر ھاراق بولمىسا، فولكنېرنىڭ قانداق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ چېپىۋاتقان دۇلدۇلدەك «سۈرەن - چۇقان ۋە تىنچسىزلىق» ناملىق ئەسەرنى يازغان پىروزىچى بولالايدىغان - بولالمايدىغانلىقىنى، ئىنسانىيەت روھى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدەنگەن، پىسخىك ئالىم بولالايدىغان - بولالمايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس، بۇنىڭغا ھېچكىم تولۇق جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

**«كارنىگ»نىڭ باھاسى:**

**ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان خىزمەت شەكلى ۋە ئادىتى بولىدۇ. سېنىڭ قىلىدىغىنىڭ بۇ ئۇنىملۈك بولغان ئۇسۇل ۋە ئادەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، بەزىدە ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلار بولۇشىمۇ مەيلى.**

**خۇدا سېنى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قىلىپ ياراتقان ئىكەن، ئەلۋەتتە ساڭا بەزى ئالاھىدە ئادەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. ئادەت سېنىڭ ئالاھىدىلىكىڭنى ساقلايدۇ، ئالاھىدىلىكنى ساقلاش بىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكۈچى ھازىرلاشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر.**

**قادىر راخمان** تەرجىمىسى

---

تىلماچ: «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ پېنسيونېرى، ئالىي تەرجىمان



ئايجامال گاسىل


# كەشتىچىلىك سەنئىتى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش

ئۆزگىچە مۇقام - مەشرەپلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى
بىلەن تونۇلۇۋاتقان ئەزىز دىيارىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قول
ھۈنەر - سەنئىتىمۇ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدى، ئۇ
بولسىمۇ شىنجاڭ كەشتىچىلىك سەنئىتىنىڭ بىر تۈرى
بولغان ئۇيغۇر كەشتىچىلىكىدۇر. ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى،
ئۇزاق تارىختىن بۇيان قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئوتلاق-
لاردىن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب، شىمالىغىچە، ئوتلاق چار-
ۋىچىلىق مەدەنىيىتىدىن بوستانلىق يېزا ئىگىلىك مەدەنى-
يىتىگىچە تۇتىشىپ كەلدى. ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى پۈتۈن
شىنجاڭنىڭ كەشتە سەنئىتىدە ئايرىلىپ تۇرغان ئۆزگىچە
ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، گۈل نۇسخىلىرى خىلمۇ-
خىل، رەڭگارەڭ، يىڭنە سانجىش ئۇسۇلى ئاددىي،
سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. ھازىرغىچە ئەنئەنىۋى قول
بىلەن تىكىش ئۇسۇلى ساقلانغان. ئۇزاق يىللاردىن
بۇيان داۋاملىق تەرەققىي قىلىش نەتىجىسىدە ئەنئەنىۋى

**سەنئەت تەتقىقاتى**

مەدەنىيىتىمىزنى ئاساس قىلغان ھالدا، خەنزۇ ۋە مانجۇ
مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىپ تېخىمۇ مول ئالاھىدىلىكنى
گەۋدىلەندۈردى، ئەڭ مۇھىمى دىيارىمىز چاشما سەنئىتى-
نىڭ ساقلىنىشى ۋە تارقىلىشى، دىيارىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ
كۆپ تەرەپلىملىك مەدەنىيىتىنى ۋە دىيارىمىز يەرلىك
مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقى ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم
رېئال ۋە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

چەشمە — كەشتە دېگەن سۆز. لېكىن بەزى ئورۇن-
لاردا چەشمە دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب كەشتىلەش ئۇ-
سۇلىغا قارىتىلغان. بۇ ئەنئەنىۋى قول ھۈنەر - سەنئىتى
ھېسابلىنىدىغان كەشتىچىلىككە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىنچى-
كىلىكى، ئەستايىدىللىقى، ئىشنى ئىدىتلىق، پۇختا، سىپتا
قىلىدىغان چېۋەرلىكى، تەسەۋۋۇرى ۋە تەپەككۇرى مۇ-
جەسسەملەنگەن. كەشتىچىلىك ئاياللار شۇغۇللىنىدىغان
كەسىپ بولۇپ، يۈكسەك ئىنچىكىلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.
شۇڭا بۇ كەسىپ بىلەن ھەممىلا ئايال شۇغۇللىنىپ كېتەل-
مەيدۇ. كەشتىچىلىك ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى، خاسلىقى بىلەن



دىيارىمىز كەشتىچىلىك سەنئىتىدە باشقىچە جۇلالىنىپ تۇ-
رىدۇ. چەشمىنىڭ كەشتىلىنىش ئۇسۇلىغا كەلسەك ئاسا-
سىي خام ماتېرىيالى يىپەك، ئۇنىڭدىن باشقا دۇخاۋا
رەخت، قەغەز ئويما، يىلىم ۋە كۆزى چوڭ ئۆزى
كىچىك ئەپلىك يىڭنە، ئويماق قاتارلىقلار، گۈل ۋە نە-
قىشلەر ئويۇپ تەييارلانغان قەغەز ئويمىنى «ئويۇق»
دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئويۇقلار كەشتىلىنىدىغان بۇيۇمنىڭ تۇ-
رىگە قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن: دوپپىنى كەشتى-
لەشتە، دوپپىنىڭ ئۈستى (تۆپىسى)گە تۆت پارچە
ئوخشاش ئويۇقنى يىلىم بىلەن چاپلاپ مۇقىملاشتۇرۇپ
ئاندىن يەنە بىر پارچە چاسا قەغەزنى شۇ ئويۇق چاپلان-
غان دائىرىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە (ئاستىغا) چاپلاپ دۇخا-
ۋىنى قاتۇرۇۋېلىپ كەشتىلەشنى باشلايدۇ. بۇنداق بول-
غاندا كەشتىلەنگەندە پۇرلىشىپ كەتمەيدۇ، كەشتىمۇ تەك-
شىلىكنى يوقاتمايدۇ.

كەشتىچىلىك سەنئىتىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى
توغرىسىدا ئېنىق بىرەر تارىخىي ماتېرىيال يوق. بۇ
ھەقتە قەدىمدىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كىيىم - كې-
چەكلەر، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى قاتارلىق ماددىي مىراس-
لارنىڭ تارىخىي قاتلىمىنى قېزىش ئارقىسىدا چوڭقۇرلاپ
ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ، كەشتىچىلىكتە كەم بولسا بول-
مايدىغان ماتېرىيال يىپەك (مەشۇت) بولۇپ «چەتمە»
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قومۇل شەھرىنىڭ تۆمۈرتى تاغلىق
كەنتىدىن تېپىلغان قەدىمىي يازما يادىكارلىق «مايترى
سىمىت» دىرامىسىنىڭ 3 - بۆلۈم 4 - ۋارىقىدا «پېتىنى
قىز ئۈنچە تېپ تېپىدى؛ بۇ ئۆزى تارىمىس كەپەزى ئۆزە
يىپ ئېگىرىپ بۆز توقىمىس ئەرۋر...»
دېگەن بىر جۈملە سۆز بار، بۇنىڭ مە-
نىسى: «پاتىنى قىز مۇنداق دېدى:
ئۆزى تېرىغان پاختا بىلەن يىپ ئېگە-
رىپ بۆز توقۇدى» قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلىغا خاس «يىپ» سۆزى ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇ پېتىچە قول-
لىنىلىۋاتىدۇ. يىپەك مەدەنىيىتى دۇنيا-
ۋى مەدەنىيەت. «يىپەك يولى» دۇنيا
مەدەنىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرگەن مۇھىم
سودا يولى. كەشتىچىلىك يىپەكنى
ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا، كەشتىچى-
لىكنىڭ تارىخىي مەنبەسى ئۇزاق زاماندى-
لارغا تۇتىشىپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى دىيارىمىز-
نىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلىرىدىن بۇيانقى شەكىللەن-
دۈرگەن كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى، قول ھۈنەر بۇيۇم-
لىرى مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەت مەدەنىيىتى جەھەت-
لەردە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان بولۇپ، بۇ نۇقتىلارنى
قاتلامىمۇ - قاتلام چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

كىيىم - كېچەك مىللەتنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى،
ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەرقايسى يۇرتلىرىدىكى ئۆزگىچە كى-
يىنىش ئادەتلىرى ئەلۋەتتە شۇ يۇرت كىشىلىرىنىڭ خا-
راكتېرى، مىجەز - خۇلقى، ئېستېتىك قارىشى، ئۆرپ -
ئادەت، ياشاش مەنتىقىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك،
شۇنداقلا شۇ رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، ھاۋا كىلى-
ماتى بىلەنمۇ ئالاھىدە باغلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئې-
گىزلىك، تاغلىق رايونلاردا ياشايدىغان كىشىلەر بىلەن
تۈزلەڭ ۋە ئويمانلىق رايونىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ
كىيىنىش ئۇسلۇبىدا ئالاھىدە پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ جە-
ھەتتىن بىز خوتەن كېرىيە ئاياللىرىنىڭ كىچىك تەلپىكى
ۋە ئۆزگىچە كىيىنىشى؛ قەشقەر ئەرلىرىنىڭ تۈرلۈك شە-
كىلدىكى تۇماقلىرى، كۇچا ئاياللىرىنىڭ كىيىنىشى، لوپ-
نورلۇقلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ
دوپپىسى قاتارلىقلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ
باقساق بولىدۇ. ئەنە شۇ يۇرتلار ئىچىدە ھەر خىل نۇس-
خىدىكى رەڭگارەڭ گۈللەر تەكشى كەشتىلەنگەن دوپپا،
تون، يەكتەك، قويۇنلۇق چاپان، پەشمەت (پىنجەك)
كىيىشىپ، مەشرەپ، توي - تۆكۈنلەردە چىرايلىق ياسى-
نىپ، گۈلدەك ئېچىلىپ لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتقان

يەنە بىر قوۋم قومۇل ئۇيغۇرلىرى، يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئۆز يۇرتىدىكى بۇ ئەنئەنىۋى گۆھەر — «چەشمە»نى ئېكران ئارقىلىق نامايان قىلدى. قومۇلنىڭ بۇ كەشتىلىك كىيىم - كېچەكلىرى ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىدى. قومۇلنىڭ كەشتىلىك كىيىم - كېچەكلىرىدىكى بۇ رەڭدارلىق قومۇللۇقلارنىڭ تەبىئەت ھېرىسمەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تەبىئەت مەنزىرىلىرى، گۈل - گىياھلارغا بولغان توسقۇنسىز ھېرىسمەنلىك قومۇلدا كەشتىچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. قەدىمدىن تارتىپ قومۇل خەلقى سۇ بويلاپ ئولتۇراقلىشىپ، تەبىئىي شارائىتنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئەقىل - پاراسەتلىك، چېۋەر قومۇل ئۇيغۇر ئاياللىرى تەبىئەت مەنزىرىلىرى، تەبىئىي ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ ئويناق تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا ئېلىپ كىرىپ ۋە ئۇلارنى ئوبرازلاشتۇرۇپ، چەشمە بۇيۇملىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭسىزمۇ تەبىئەتكە بولغان ھېرىسمەنلىك قىز - ئاياللارنىڭ قولىقىغا گۈل قىسىشى، چېچىغا جالا تاقىشى، مەجنۇنتالنىڭ چىۋىقلىرىدەك چاچلىرىنى تال - تال ئۆرۈشى، گۈللۈك دوپپا كىيىشى، گۈللۈك زەدىۋالىلارنى تاملارغا تارتىشلارنىڭ قايسى بىرىدە ئىپادىلەنمەيدۇ؟ قومۇل ئۇيغۇر چەشمىلىرىنىڭ قومۇل ئۇيغۇر كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدىكى تۇتقان ئورنى ۋە سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈشتە كىيىم - كېچەكلەرنىڭ تۈرلىرى جىنس پەرقى، ياش پەرقى، رايون پەرقى بويىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

**1. قومۇل ئۇيغۇر چەشمىلىرىدىكى گۈل نۇسخىلىرىنىڭ تۈرلىرى**

1) گۈل نۇسخىلىرىنىڭ رەڭ تۈرلىرى.

ئىلگىرى رەڭلەر ئىنتايىن مول بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىشىلەر قېنىق يەنى ئوچۇق رەڭلەرنى ياقتۇرۇپ ئىشلەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى نەچچە ئونلىغان رەڭلىك مەشۇتلار ئازلاپ ئاران يەتتە- سەككىز خىللا رەڭ قالغان. جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن رەڭ پەرقى شەكىللەنگەن، يەنى ئېگىزلىك تاغلىق رايونلارنىڭ كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزاق، قۇياش رادىياتسىيەسى كۈچلۈك بولۇپ، رەڭنىڭ ئۆڭۈشى بىرقەدەر ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا تاغلىق رايوندىكى كىشىلەر قېنىق رەڭلىك ماتېرىياللارنى ئىشلىتىدۇ. تۈزلەڭ رايونلارنىڭ دەل بۇنىڭ ئەكسى بولۇپ، سۇزۇك رەڭلىك ماتېرىياللارنى ئىشلىتىدۇ. جىنس پەرقىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ رەڭگىمۇ ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: ئەرلەرنىڭ دوپپىسىنىڭ رەختى تۇتۇق كۆك رەڭ، قېنىق يېشىل رەڭ، تۇم قارا رەڭ، بىنەپشە رەڭ، جىگەررەڭ بولىدۇ، ئاياللارنىڭ دوپپىسى قېنىق قىزىل، تۇم قارا ۋە جىگەر رەڭ رەختلەردە بولۇپ، كىيىم - كېچەكلەردىمۇ ئاساسەن شۇنداق بولىدۇ.

2) گۈل نۇسخىلىرىنىڭ نەقىش تۈرلىرى

⑴ گۈل نۇسخىلاردىن كىچىك مودەن، يېرىم مودەن، سەبدە (جۈخۇا) گۈللەر كىچىك پورەك ۋە غۇنچە تۈگۈنلىرى، بۇغداي گۈللەر ماس يوپۇرماقنىڭ ئارىسىغا يىغىنچاق ھالەتتە ئويۇقلا چۈشۈرۈلۈپ، تەرتىپ باسقۇچلىرى بويىچە كەشتىلىنىدۇ. بۇ ئاساسەن ئەرلەرنىڭ دوپپىسىدا ئۇچرايدۇ. ئاياللارنىڭ دوپپىسىنىڭ گۈل نۇسخىسى نىسبەتەن چوڭ بولىدۇ، جۈپ مودەن، ئۈچ مودەن ياكى يېرىم مودەن بىلەن سەبدە (جۈخۇا) گۈل، قارا ئۆرۈك (مېيخۇا) گۈلى، نىلۇپەر (لىيەنخۇا) گۈللەر كىچىك پورەك، غۇنچە تۈگۈنلەر ماس يوپۇرماقنىڭ ئا-




رىسغا يىغىنچاق ھالەتتە ئويۇقا چۈشۈرۈلۈپ تەرتىپ بويىچە كەشتىلىنىدۇ. دوپپىنىڭ جىيەكلىرى زەر يىپتا ئېغىزلاندۇرۇلۇپ كېپىنەك نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلىدۇ.

(2) جانلىقلارنىڭ نۇسخىلىرىدىن كېپىنەك ۋە قوشقارنىڭ مۈڭگۈزى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ ئاساسەن ياستۇقلارغا، چاي خالتىلىرىغا، ئاياق ۋە پايپاقلارغا كەشتىلىنىدۇ.

(3) گېيومېتىرىك شەكىللەردىن چەمبەر، ئۈچبۇلۇڭ، رومبا، تىك تۆتبۇلۇڭ قاتارلىقلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. گېئومېتىرىك شەكىللەر ئاساسەن كىيىم - كېچەكلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ.

**2. قومۇل ئۇيغۇر چەشمىلىرىنىڭ قومۇل ئۆي بېزەكچىلىك مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى ۋە تەرەققىياتى**

كىيىم - كېچەكلەرگە قارىغاندا يەرلىك پۇراق تېخىمۇ كۈچلۈك ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغىنى، قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆي بېزەكچىلىك ئۇسلۇبىدۇر. قومۇلدىكى تاغلىق رايونلار بولسۇن، تۈزلەڭ رايونلار بولسۇن ئائىلىلەر ئۆي بىسەرەمجانلىرىدىن يوتقان، ياستۇقلارغا (تىكلىمە ياستۇق، تۇلۇق ياستۇق چوڭ - كىچىك ئىككى خىل بولىدۇ) چەشمە تىكىشكە ئادەتلەنگەن. كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك قارىشى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بارا - بارا چاي خالتىلىرىغا، ئالتە يانچۇقلۇق تامغا ئاسقۇلارغا، ئەرلەرنىڭ تاماكا خالتىسى، بۆشۈك بۇيۇملىرىغا ھەتتا ئات - ئۇلاغ، ھارۋا جابدۇقلىرىغىمۇ چەشمە تىكىلگەن. بۇلار قومۇل ئائىلىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەللىك قارىشىنى جۈملىدىن ئۆز ئائىلىسىگە بولغان ساداقىتىنى، ئەرلىرىگە بولغان ئىشەنچ ھۆرمىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.



ئۆي بېزەكچىلىكى قەدىمدە يوتقان، ياستۇق يەنى چوڭ كىچىك تىكلىمە ياستۇق ۋە تۇلۇق ياستۇقلارغا چىرايلىق گۈللەرنى رەڭدار مەشۇت يىپلار بىلەن كەشتىلەش بىلەنلا چەكلىنىپ ئىپادىلەنگەن بولسا، تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشى، ئېھتىياجنىڭ زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن بارا - بارا تۈرلىرى كۆپىيىپ كەلدى. يەنى، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بولغان چاي خالتا، يىڭنىلىك تام بېزەك، يانچۇقلۇق تامئاسقۇلاردىن ئاستا - ئاستا كېڭىيىپ پەگاز (ئىشىك دېرىزىلەرنىڭ ئۈستىگە ئېسىلىدىغان پارچە پەردە)، پەردىلەرگە، داستىخانلارغا چەشمە تىكىلىدىغان بولدى. بەزى تارىخىي سەۋەبلەردىن پەقەت ئۆي ئىچىدە بېكىنمە ھالەتتە داۋاملىشىپ كەلگەن كەشتىچىلىك قول ھۈنەر - سەنئىتى قومۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدىن ھالقىپ ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى زامان تەرەققىياتى جۈملىدىن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەخىرسىز ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ دادىللىق بىلەن بازار قاينىمىغا شۇڭغۇدى. ئۆزىدىكى نەپىسلىك جۇلالىق ۋە خاسلىق كەشتىچىلىكنىڭ بازارلىشىشى ۋە تاۋارلىشىشىغا كەڭ يول ئېچىپ، يېڭى زامان ئۇسلۇبى ۋە تەرەققىياتىغا ماس ھەرخىل ئىجادىيەتلەرگە باغلاپ چەشمە قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ تۈرلىرىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولدى. بۈگۈنكى كۈندە ئىستېمال ئېھتىياجىدىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرى تۈرلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ۋە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كەشتىچىلىك ئۆي بېزەكچىلىك بۇيۇملىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا ئاستا - ئاستا جۇلالىنىشقا باشلىدى. يېڭىچە پاسوندىكى ھۇجرا پەردىلىرى، كارىۋات ياپقۇچ، خانىش ياستۇقى، كۆرپە، تاماق ئۈستىلى ۋە ئورۇندۇقلارغا يۈرۈشلۈك داستىخان ۋە پەر ياپقۇچ، تۆر كۆرپىسى ۋە كىرىسلوغا تىزىلىدىغان تەكىيە، تىكلىمە چوڭ - كىچىك ياستۇق، قەغەز كورۇپكىسى، چەينەك ياپقۇچ، چەينەك قويغۇچ (تەگلىك) قاتارلىقلاردىن تارتىپ ھەرخىل پاسوندىكى تېلېفون قاپچۇقلىرىغىچە كىچىك قول سومكىلىرى ۋە ماشىنا بېزەك ياستۇقلىرىغىچە چەشمە تىكىلىدىغان بولدى.

چەشمىنىڭ بازارلىشىشى ۋە تاۋارلىشىشىدىكى تەرەققىياتنىڭ يەنە بىر مۇھىم بەلگىسى — چەشمىنىڭ ماشىنىلىشىشى بولدى. ماشىنا چەشمىسى دەسلەپتە گەرچە قول چەشمىسىدەك ئالاھىدە خاس ئۇسلۇپقا ۋە مول نۇسخىلارغا ئىگە بولمىسىمۇ، بازار ئېھتىياجىنى قامداش ۋە زور

دەرىجىدە ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى، ۋاقىت تېجەلدى، سۈرئەت تېزلەشتى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ نۇسخىلىرى كۆپىيىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. ئەمما بىر پەرق ئۆزگەرمەيدۇكى، قول چەشمىسىگە ئىشلىتىدىغىنى يەنىلا يىپەك مەشۇت يىپ، ماشىنا چەشمىسىگە ھەر خىل رەڭلىك گۈل يىپ ئىشلىتىلىدۇ. ماشىنا چەشمىسى ئۈيۈق چاپلانماي كومپيۇتېردا لايىھەلەنگەن گۈل نۇسخىسىنى تىكىشكە بۇيرۇق بېرىلسە بىرلا ۋاقىتتا خېلى كۆپ ساندىكى گۈل نۇسخىسى ئوپمۇئوخشاش بولغان ياستۇق چەشمىلىرىنى تىكىپ چىقىرىپ بېرىدۇ. ئادەتتىكى كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا بىر ئادەم ئۆزى قاراپ، تۇتۇپ كەشتىلەيدىغان ماشىنا چاشمىسى يەنە ئوخشاشمايدۇ، ئۆزى قول سىلىپ تىكىدىغان ماشىنا چەشمىسىدە ئاساسەن يوتقان كۆرپىلەرنىڭ ئۇزۇن تۇتاشقان چەشمە گۈللىرىنى كىيىم-كېچەكلەرنى بېزەشتە ئىشلىتىدىغان چەشمىلەرنى توجۇپلەپ كەشتىلەشكە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ پەرقلەرگە ئاساسەن چەشمە بۇيۇملارنىڭ باھاسىمۇ ئوخشاشمايدۇ. قولدا تىكىلگىنى، قول سىلىپ ماشىنىدا تىكىلگىنى ۋە كومپيۇتېر ئارقىلىق لايىھەلىنىپ ماشىنىدا نۇسخىلاپ تىكىلگىنى ۋاقىت، ئەمگەك سەرپىياتى ۋە تەبئىيلىك دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ باھادا خېلى زور پەرق قىلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا تىكىلگەن چەشمىلەرنىڭ رەڭلىرى ۋە پاسونى شۇ بۇيۇمنىڭ ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، ئاساسەن شوخ، قېنىق رەڭلەردىن تۈزۈلىدۇ.

### 3. قومۇل كەشتىچىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش

قومۇل كەشتىچىلىكى يېقىندىن بېرى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. قومۇل شەھەر ئىچى يېزا جىگدە قۇدۇق كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەجەرخان سەمەت بىلەن قومۇل شەھەرلىك غەربىي تاغ يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئايشەمخان ئىزچىل تۈردە كەشتىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ 2006-يىلدىن تا ھازىرغىچە نۇرغۇن چەشمە بۇيۇملارنى كەشتىلەپ چىقتى ۋە قومۇل ۋىلايەتلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش مەركىزى بىلەن ھەمكارلىشىپ قومۇلنىڭ بۇ ئالاھىدە ئۆزگىچە ھۈنەر-سەنئەت تۈرىنى كېڭەيتىپ تەشۋىق قىلىشقا كۆپ ھەسسە قوشتى، ئۇلار مەملىكەت دەرىجىلىك چەشمە ۋارىسلىرى بولۇپ باھالاندى. قورايلىق ھاۋاگۈل قاسىم دەسلەپتە ئۆز مەھەللىسىدە، كېيىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن شەھەر ئىچى، راھەتباغ، بوغاز، تۆركۆل، تەڭرىتاغ، نېرىنكىر، ياربۇلۇڭ، نۇرباغ قاتارلىق يېزا ۋە ئېچىش رايونلىرىدا كەشتىچىلىك كۇرسى ئېچىپ نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيەلىدى. ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرىمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا كەشتىچىلىككە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ۋە ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ تەسىرىدە قومۇلدا كەشتىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. شەھەر ۋە قىسمەن يېزىلاردا كەشتىچىلىك جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى. بىر مۇنچە دۇكانلار ئېچىلدى، كارخانىلار بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن قومۇل كەشتىچىلىكى بازارغا رەسمىي يۈزلەندى. كەشتىچىلىك كىيىم-كېچەك، ئۆي ئىچى بۇيۇملىرىدىن ھالقىپ قول ھۈنەر بۇيۇملىرىغىچە كېڭەيدى، ھەتتا ئىجادىي چەشمە بۇيۇملىرىمۇ بارلىققا كەلدى. بىر نەچچەيلەن مەخسۇس ماركا ئالدى، ۋىلايەتلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش مەركىزى قومۇلنىڭ قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش ئورنى ھازىرلىدى. بۇنىڭ بىلەن قومۇل كەشتىچىلىكى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، قومۇل كەشتىچىلىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن بىر قاتاردا دۇنياغا يۈزلىنىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. ئابلىز ئۆمەر ھاجى: «قومۇل كەشتىچىلىك سەنئىتى توغرىسىدا»، قومۇل گېزىتى، 2010-يىللىق 2-سانى.

2. ئەكبەر داۋۇت تەنھا: «ئۇيغۇر كەشتىچىلىكى»، شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى، 2007-يىللىق 9-سان.

3. ئاغزاكى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن شەخسلەر:

1) قومۇل ۋىلايەتلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە قوغداش مەركىزىدىن سەمەت ئەسرا تۇرا.

2) مەملىكەت دەرىجىلىك چەشمە ۋارىسى ئايشەمخان (قومۇل شەھىرى غەربىي تاغ يېزىسى تاراتى كەنتىدىن).

ئەسكەرتىش: سۈرەتلەرنى قومۇل ۋىلايەتلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە قوغداش مەركىزى تەمىنلىدى.

ئاپتور: ئاراتۈرك ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى




## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ شەخسىيەتچى ئادەم يالغۇز قېلىپ غېرىبلىشىپ كېتىدۇ.

▲ شارائىتتىن قاقشاش ئاجىزلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ تەپەككۇر ئەبەدىيلىككە يول، بىخۇدلۇق ئۆلۈمگە يول.

▲ تەتقىق تەقلىد ئەمەس، تەكلىپ تەنقىد ئەمەس.

▲ بىپەرۋا (مەسئۇلىيەتسىز) كىشىلەر نەزەرىيە جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىپ ئەمەلىيەت جەھەتتە خىلاپلىق قىلىدۇ.

▲ بىقىنىۋېلىش پارازىتلىققا، ئاخىرى ھالاكەتكە ئاپىرىشى مۇمكىن.

▲ قىممەت يارىتىش — ئىززەتكە ئېرىشتۇرىدۇ.

▲ تىرىشىشلا ئەمەس، مۇھىمغا تىرىشىش مۇھىم.

▲ مېھنەت — ئىززەت، مىننەت — نەپرەت.

▲ ماختانچاق ئادەملەر باشقىلارنىڭ باھاسىنى ھەقىقەت، دەپ بىلىۋالىدۇ.

### تەپەككۇر كۆزى

▲ ئەلنى سۆيۈشمۇ بىر خىل ئامەت.

▲ ئۆزىنى ئىزدەش ئادەمىيلىكنىڭ يول خېتى.

▲ ھەقىقىي مىللەتپەرۋەرلىك ئارتۇقچىلىقنىلا ئەمەس، كەمچىلىكى بولسىمۇ خەلقنى سۆيەلەيدۇ.

▲ پەقەت قەھرىمانىنىڭلا خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ھەقىقىي بولىدۇ.

▲ خەلقنى سۆيەلمىگەنلەرنىڭ باشقا سۆيگۈلىرىمۇ مۇكەممەل بولالمايدۇ.

▲ قەلبى مەجرۇھ كىشىلەر خەلقىنىمۇ، يۇرتىنىمۇ، ۋەتىنىنىمۇ سۆيەلمەيدۇ.

▲ خەلقىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ۋىجداندىن ئايرىلىپ بولغان بولىدۇ.

▲ خەلققە نەپ يەتكۈزمىگەنلەرلا ئەمەس، خەلققە ئاسىيلىق قىلغانلار دۈشمەندىنمۇ خەتەرلىك.

▲ ئاسىيلىق ئاقلىغىلى بولمايدىغان جىنايەت.

▲ ساتقىنغا نەپكە ئېرىشكۈچى (دۈشمەن)مۇ ئىشەنمەيدۇ.

▲ ئائىلىگە ئېتىبارسىز قارىغان ئادەم ئۆزىمۇ ئېتىبارسىز ھالدا ھالاكەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

▲ ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك خىسلىتى بولىدۇ، ئەمما ئەسلىدە بار خىسلەتتەك قەدىر-

لىك بولالمايدۇ.

▲ بىلىق سۈسىز، ئادەم ئابرۇيسىز ياشىيالماس.

▲ تەربىيەنىڭ ئالىي مەقسىتى ئادىمىي ئادەم بولۇش.

▲ ئارتۇقچىلىقنى بىلىشمۇ بىلىم، ئاجىزلىقنى بىلىشمۇ بىلىم.

▲ غاپىل خەلقلەردە تەرەققىياتقا مايىللىق سۇس بولىدۇ.

▲ تەنتەربىيەدە تەن كۈچلىنىدۇ، خاراكتېردە ئىنسان تاۋلىنىدۇ.

▲ ئالىيجانابلىق كىچىك ئىشلاردىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلالايدۇ.

▲ ۋاقىتقا مەردلىك ياراشمايدۇ.

▲ ۋاقىتقا ئېتىبارسىزلىق، ئۆزىگە ئېتىبارسىزلىق.

▲ ۋاقىتنى بوش بىكار ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ دەم ئېلىش ھوقۇقى بولمايدۇ.

▲ بارغا قانائەت قىلىش، يوققا ئىنتىلىش كېرەك. ئەمما ئاچ كۆزلۈك قىلىشقا بولمايدۇ.

▲ خەلق بىلەن ئورتاقلاشمىغان بەختنىڭ تەمى يوق.

▲ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار مەغلۇبىيەتكىمۇ، غەلىبىگىمۇ يۈزلەنمەيدۇ.

▲ بەخت- تەلەيگە ئەمەس، تىرىشچانلىققا مەنسۇپ.

▲ دەۋر بوشاڭ ئادەملەرنى پۈتلايدۇ.

▲ كىچىك ئىشلارغا سەل قارىمىغان ئادەم چوڭ ئىشلارنىمۇ قىلالايدۇ.

▲ بوشاڭلىق ئاجىزلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

▲ ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇنىڭ قىممىتى بولمايدۇ.

▲ غايە- ئارزۇسى بارلار ئۇلۇغ، غايە- ئارزۇلىرى ئۈچۈن تىرىشۋاتقانلار تېخىمۇ ئۇلۇغ.

▲ ئۆز خاسلىقىنى يوقاتقان خەلق ئاسانلا ئۆزلۈكىنى يوقىتىدۇ.

▲ ۋاقىتقا سەل قاراش ــ ھاياتقا سەل قاراشتۇر.

▲ بىپەرۋا ئادەملەرگە ئىشەنچ ئارتۇقچە.

▲ ئەينەك بولالمىغان دوستلۇقنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ.

▲ ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان ئادەم ئالدىراپ خاتالاشمايدۇ ھەم چوڭ ئىشنىمۇ قىلالمايدۇ.

▲ ئادەم ئۆزىدە قانائەت ھېس قىلغاندىن تارتىپ خاتالىشىدۇ.

▲ بىر خاتالىق ئەيۋ، ئىككى خاتالىق تەجرىبە، ئۈچ خاتالىق جىنايەت.

▲ ساۋاق بولمىغان خاتالىق بىر ئۆمۈر داۋاملىشىدۇ.

▲ تەن ئېلىنغان خاتالىق ئەيۋغا، يوشۇرۇنغان خاتالىق جىنايەتكە يول.

▲ تەكرار خاتالىق تەجرىبە بولماي قالىدۇ.

▲ ئۆگىنىشتە ئىرادە، تۇرمۇشتا تەجرىبە، ئەمگەكتە تىرىشچانلىق، ئىجادىيەتتە مەردانىلىق، ياشاشتا ئىززەت، كۆرەشتە قەھرىمانلىق مۇھىم.

▲ بىلىمسىزلىك ئاجىزلىق، ئىرادىسىزلىك چۈشكۈنلۈك.

▲ ئىزچىللىق بولمىسا، ئۆگىنىشمۇ بولمايدۇ.

▲ ئائىلىدە خاراكتېر، مەكتەپتە ماھارەت، جەمئىيەتتە تەجرىبە جۇغلىنىدۇ.

▲ مەغلۇبىيەت ئاجىزلار ئۈچۈن زەربە، كۈچلۈكلەر ئۈچۈن تەجرىبە.

▲ شۆھرەتپەرەس قىزلار ئۆزلىرىنى ئاي دېسە خۇش بولىدۇ. شۆھرەتپەرەس «نامراتلار» ئۆزلىرىنى باي دېسە خۇش بولىدۇ، شۆھرەتپەرەس باشلىقلار ئۆزلىرىنى ۋاي دېسە خۇش بولىدۇ.

▲ چىن ئىنسان بەخش ئېتىپ ياشاشنى مىزان قىلىپ ياشايدۇ.

## تەپەككۇر تېز سىزملىرى

▲ ئۆزىدىن ئۆيلىش ــ گۈزەل ئەخلاق.

▲ ئادىتىمىزنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، ئەمما قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.

▲ ئائىلە ئىنساننىڭ ۋەتىنى، يەر شارى ئىنسانىيەتنىڭ ۋەتىنى.

▲ بىر ئادەمنىڭ سەۋەنلىكىگە يول قويۇش مۇمكىن، ئەمما خاتالىقىغا يول قويۇشقا بولمايدۇ.

▲ بايلىق ئاچ كۆز ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتسە ئاپەتكە ئايلىنىدۇ.

▲ بىلمەسلىك نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس، ئەمما بىلگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىش نومۇسسىزلىقتۇر.

▲ ئەرزىمەس ئىشلار ئادەمنى كېرەكتىن چىقىرىدۇ.

▲ قانداق ياشاشنى بىلمەسلىك — ئۆز جېنىغا ئۆزى ئېكەك سېلىشتۇر.

▲ مەسئۇلىيەت — ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىشتۇر.

▲ غەزەپنى بېسىشقىمۇ باتۇرلۇق كېتىدۇ.

▲ مەنئۇي مۇكەممەللىكنى ئىزدىگەن ئادەمگە ھاياتتا قىيىن ئىش يوق.

▲ ھەقىقەتكە يەتكۈزىدىغان بىلىم — ئەڭ زۆرۈر بىلىمدۇر.

▲ ئىلغار ئىدىيە — ئۇلۇغ يول.

▲ ھەقىقەت ئېغىزدا سۆزلىنىدۇ، ھەرىكەتتە ئەمەلگە ئاشىدۇ.

▲ بالىغا يالغانىنى ئۆگىتىش ئۇلارنىڭ ئەتىسىگە گۆر كولىغانلىق.

▲ ئۆزىگە سوئال قويالىغان ئادەم باشقىلارنىڭ سوئالى ئالدىدا تەمتىرەپ قالمايدۇ.

▲ روھىيتى نابۇت بولغان ئادەم ئۆزىنى تونۇيالمايدۇ.

▲ ئۆزىنى ئالداش ئازابلىق، باشقىلارنى ئالداش جىنايەت.

▲ سەممىيلىك ھەرقانداق جايدا قارشى ئېلىنىدۇ.

▲ سەممىيلىك — دۇرۇس ئادەمنىڭ يول خېتى.

▲ تەنقىدتىن خۇشاللىق، ماختاشتىن ھەسرەتلىنىشمۇ ئەخلاق.

▲ ئاچ كۆز باي بازارغا «چاققان»، ساخاۋەتكە «مىس- مىس».

▲ روھى نابۇت بولغانلار يامانلىق كوچىسىدىن يانالمايدۇ.

▲ رەھىمدىل كىشىلەر ھەقىقەتچى كېلىدۇ.

▲ ئۆز روھىيتىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالغان ئادەم ئۆز كىملىكىگە ئېھتىياجى چۈشىدۇ.

▲ ۋىجدان راۋا كۆرمىگەن يولدا چوقۇم مۇدرەيدىمىز.

▲ تەجرىبە — ئەقىل جۇغلاش جەريانى.

▲ مەنئۇي پەللە — تەپەككۇردىن ئايرىلالمايدۇ.

▲ ئاددىي بىر ئىنساننىڭ ئۇلۇغى ئىنسانىيەتنىڭ بىر دەقىقىسى، بىر قەھرىماننىڭ ئۇلۇغى ئىنسانىيەتنىڭ بىر پەللىسى.

▲ ئاتا- ئانىلارنىڭ سۆيگۈسى مىننەتسىز بولىدۇ.

▲ گېپىدە ئۆزىنى ئاقلايدىغان ئادەم ساختىپەز، ئىش- ھەرىكىتىدە ئۆزىنى ئىپادىلەيدىغان ئادەم دانا بولۇشى ئېنىق.

▲ ئەقىل يېتىشمىگەن جايدا خۇراپاتلىق باش كۆتۈرىدۇ.

▲ ھەقىقىي تۇرمۇش مەنئۇيەتتىن ئايرىلالمايدۇ.

▲ ئىنسانىيەت ئۇلۇغ، ئەمما ئۇنىڭ ئاجىزلىقىمۇ يوق ئەمەس.

▲ سەنئەت — سەنئەتكارنىڭ قەلبى.

▲ ئېتىقاد — ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى ئېنىق قىلىدۇ.

▲ مۇھەببەت — ئۇلۇمنى مەنىگە ئىگە قىلىدۇ.

▲ مۇھەببەتكە ئاز ئېرىشكەن ئادەم ئازابقا كۆپ دۇچار بولىدۇ.

▲ خاتا بىلىش — جىنايەتنىڭ مەنبەسى.

▲ مەسئۇلىيەت — بەختكە ئېلىپ بارىدۇ.

▲ قۇرۇق پاراڭدىن سۈكۈت ئەلا.

▲ چىنلىقتا ئاددىيلىقمۇ، گۈزەللىكمۇ، چوڭقۇرلۇقمۇ بار.

▲ باشقىلارنىڭ ئازابىغا ئېرىشكەن خۇشاللىقنىڭ ھەقىقىي بولۇشى ناتايىن.

▲ تۇرمۇش ئادەتنى ئۆزگەرتىش تەقدىرنى ئۆزگەرتىشكە ئاپىرىدۇ.

▲ سەۋەنلىكنى بويىنغا ئالماسلىق يەنە سەۋەنلىك ئۆتكۈزىمەن دېگەنلىكتۇر.

▲ ئەقىل ھېسسىياتنىڭ قۇلىغا ئايلانسا جىنايەتكە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

▲ باشقىلارنى ئەپۇ قىلالمىغان ئادەم ئەپۇغا ئېرىشەلمەيدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئادەم ئۆزىمۇ ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ كۆلپەتلىرىگە ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئەڭ بالدۇر ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

▲ ئەقىل- پاراسەت كەم يەردە زۇلمەتنىڭ تۈنى ئۇزاق بولىدۇ.

▲ تالانتتىن پايدىلانماسلىق چوڭ بىر ئىسراپچىلىقتۇر.

▲ ياخشىلىق قىلغاندىكى روھىي تەسەللى ئەڭ چوڭ مۇكاپات.

▲ بىغشلاش — ئىنسانلىق يولى.

▲ قارىقويۇق قوبۇل قىلىشنىلا بىلىدىغان مىللەتنىڭ خاسلىقى يوقايدۇ.

▲ شەخسىيەتچى ئادەم شۆھرەتپەرەسلىك قىلىدۇ.

▲ ئاجىزلار ئېقىمغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ، كۈچلۈكلەر ئېقىم شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

▲ سەرخىل ئىدىيەلەر بىلەن قوراللانغان ئادەم يېڭى دەۋر يارىتىشقا قادىر.

▲ ھەقىقەت ئۇلۇغ، مۇھەببەت بۈيۈك، خۇشاللىق راھەت، نادانلىق چۈشەك.

▲ يولسىزلىق بىزارلىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، تەجرىبە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

▲ ئىلىم-پەن ئەمەلىيەتتە ياشاشنىڭ قائىدىسىنى بىلدۈرىدۇ.

▲ ئەخلاق ئىنساننى توغرا يولغا سالىدۇ.

▲ ئەمگەك ماددىي دۇنيانىڭ شەرتى، تەپەككۇر روھىي دۇنيانىڭ.

▲ مەينەت ئەمگەكتىن ئەمەس، پەسكەش ئادەتتىن قاچقۇلۇق.

▲ بىخۇد ئادەمنىڭ كاللىسى سىياسىيونلارنىڭ تەجرىبە مەيدانى.

▲ ياخشى ئادەملەر باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىگە سەۋر قىلالايدۇ.

— ئابلەت روزى

---

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە بارىن بازىرى يېڭى ئۆستەڭبويى كەنت 2- ئەترەتتە

# جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەرنىڭ قايتا نەشر قىلىش ھوقۇقى پەقەت ژۇرنال تەھرىراتىغىلا خاس. ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق شەكىلدە (ئاۋازلىق ئەسەر ئىشلەش، تورغا چىقىرىش، توپلام تۈزۈش ۋە باشقىلار) تەھرىراتىمىزنىڭ رۇخسىتىسىز قايتا نەشر قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بايقالسا قانۇنىي جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ژۇرنال تەھرىراتىمىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلۇق ھوقۇقى ۋە قايتا نەشر قىلىنىش ھوقۇقىنى قانۇنغا تايىنىپ قوغدايدۇ. بۇ جەھەتتىكى قانۇنسىز قىلمىشلارنى پاش قىلغۇچىلارغا تەھرىراتىمىز ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن رەھمەت ئېيتىدۇ.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

# «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1951 - يىلى دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇپ، ھازىرغا قەدەر 65 يىللىق باھارنى باشتىن ئۆتكۈزدى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ئەدەبىي ژۇرنال بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى باشقۇردۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، تەتقىق قىلىش مەركىزى چىقىرىدۇ. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى تۈزۈپ نەشر قىلىدۇ. ئۇ دەسلەپتە «ئاممىۋى مەدەنىيەت» نامىدا ئىچكى قىسىمدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت سارىيى تەرىپىدىن چىقىرىلاتتى. 1985 - يىلىدىن باشلاپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» دېگەن نام بىلەن ئاشكارا تارقىتىلىدىغان بولدى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى «خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق» شوئارى ئاستىدا ئاز، لېكىن ساز مۇھەررىرلەر قوشۇنىنىڭ قان تەرى بەدىلىگە ئاقىل ئاپتورلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتى ۋە ئويغاق ئىختىراسى ئەجرىگە، تەلەپچان ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنپەئەتى ۋە مەدىتى شەرىپىگە 340 سان نەشر قىلىندى.

تەھرىراتىمىز «ئالۋاڭ ئۈچۈن ژۇرنال چىقىرىش» ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئوقۇرمەننىڭ قىممەتلىك ۋاقتىغا ۋە يېنىگە مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسى بىلەن ئەسەر تاللاپ، تەھرىرلەپ، نەشر قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. شۇڭا بۇ ژۇرنال ھەر بىر ساھەدىكى ھەر بىر ئوقۇرمەننىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا نائىل بولۇپ كەلدى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»نىڭ ئاپتورلىرى، مۇھەررىر ۋە ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدا ئورتاق غايە، ئۇلۇغۋار مەقسەت بار. 65 يىللىق نەتىجىلەر ھەممىمىزگە بۇ نۇقتىنى تونۇتتى ۋە تونۇتۇپ كەلمەكتە. دەرۋەقە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى بۇ 65 يىللىق مۇساپە جەريانىدا كۆپ قېتىم «جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرىي ئەپكار ۋە «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار بولۇپ باھالاندى. ئۇ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش يولىدا يەنىمۇ ئىزدىنىۋاتىدۇ، يېڭى شان - شەرەپلەر چوققىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN1008 ____ 6498
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65___1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب ئىمپورت - ئېكسپورت (گۇرۇھى) باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
P.OBOX88,16Gongti East Road,Beijing100020,China
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچىدە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58—22

تەھرىرات ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا جەنۇبىي يولى 11 - نومۇر ۋەنگو سارىيى 10 - قەۋەت.
پوچتا نومۇرى: 830000
地址: 乌鲁木齐市新华南路 11 号万国大厦 10 楼“新疆文化”杂志编辑部
ئەسەر قوبۇل قىلىش خەت ساندۇقى: 1329451404@qq.com
تېلېفون: 2856942 (0991)

سەمىگىزدە بولسۇنكى، بىزنىڭ بىرلا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»مىز بار. ئۇنىڭغا قىزغىن مۇھەببىتىمىز ۋە ئېغىر مەسئۇلىيىتىمىز بار! ئەسەر ئەۋەتىڭ، قەدەم تەشرىپ قىلىڭ، ژۇرنالنى بىرلىكتە باشقۇرايلى!